# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

## 新疆地方志

- غۇلجا خاتىرىلىرى
- دىيارىمىزدىكى تۇنجى مەرىپەت بۆشۈكى
- ئەمىن سوپىنىڭ ھوقۇققا ئىگە بولۇشى ۋە تۇرپان مۇنارى ھەققىدە رىۋايەت




1

2002

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## هۆججەتلەر

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 2001 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى
1 ..........................................................
ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 2002 - يىللىق خىزمەتلىد-
رىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى .............................. 10

## تارىخ سەھىپىسىدە

غۇلجا خاتىرىلىرى.....................  چوقان ۋەلىخانوف 14
ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ راۋاجى.......
ئادىل ئابدۇقادىر32 ....................................................
گابرىل بونۋالوت خاتىرىلىگەن لوبنورلۇقلارنىڭ تارىخىي داستانى
غالىپ بارات ئەرك43 ..............................................
دىيارىمىزدىكى تۇنجى مەرىپەت بوشۇكى
مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 46 ...........................................
ئۇيغۇرلاردىكى نۇردىن تۆرىلىشكە دائىر تۇنجى ئەپسانە.......
ئۆمەرجان نۇرى 51 .................................................

## يەر نامىلىرى تەتقىقاتى

ئۇرۇمچىدىكى دۆڭكۆۋرۈك ۋە ئەرداۋچىياۋ نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى
ھەققىدە.............................. ئابدۇراۋۇپ ئابدۇللا 52
قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم يەر نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى
مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 54 ..........................................

## مەشھۇر شەخسلەر

قوغۇرسۇ ئالتۇن ۋە ئۇنىڭ جەمەتى ...... ئىسمائىل مەڭلىك 56
ئىمىن سوپىنىڭ ھوقۇقتا ئىگە بولۇشى ۋە تۇرپان مۇنارى ھەققىدە
رىۋايەت .......................... مۆمىن قادىر60
ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە ھېكايە ........ ئابدۇرېھىم توختى 64

مۇقاۋىدا : مۇقەددەس كاڭبا تېغى مەنزىرىسى

شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
19 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 58 - سان

2002 - يىللىق
1 - سان

مەسلىھەتچىلەر
ئۇيغۇر سايرانى
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
غوپۇر هوشۇر نىيازى
ئابدۇرۇپ ئېلى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۈكۈر تۇر-
دى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت
نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راملە،
سابىر ئەلى، غوپۇر هوشۇر نىيا-
زى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر
ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان ما-
مۇت

مەسئۇل مۇھەررىر:
ئابلىز ئورخۇن

# ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 2001-يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى

2001 - يىلى - يېڭى ئەسىر باشلانغان يىل. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ش ئۇ ئار پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق تەزكىرىچىلەرنى يېتەكلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش، ھەمكارلىشىش، تۆھپە قوشۇش» تىن ئىبارەت تەزكىرىچىلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، پائال ئىلگىرىلەپ تىرىشىپ يول ئېچىپ، ئىجتىھات بىلەن خىزمەت قىلىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى بىرقەدەر ياخشى ئورۇندىدى. بۇنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسە قىلىمىز.

1. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت

1) سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتتۇلدى.

تەزكىرە كومىتېت پارتگۇرۇپپىسى ۋە ئورگان پارتكومى 2001 - يىلى سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشنى بىر چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇپ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى يولداش جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى سۆزىنى، «1-ئىيۇل» سۆزىنى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئۆگىنىشكە، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە، ئېقىم مەسىلىلىرىگە دائىر سىياسىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇردى. ئۆگىنىش ئارقىلىق بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كوممۇنىزملىق غايە ئېتىقادى تېخىمۇ كۈچەيدى، سىياسىي - نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە سىياسەت سەۋىيىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، كەسپىي خىزمەتلەرنىڭ نورمال، تەرتىپلىك قانات يېيىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى. 2001 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەلىپى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تەزكىرە كومىتېتى ئورگانىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈردى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشنى شىنجاڭنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈردى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشنى پارتىيىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈردى. پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى




6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى» نى ئۆگىنىشنى پارتىيە ئىستىلى- پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈردى ھەم پىلانى بولۇش، ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇش ھەم تەكشۈرۈپ تۇ-

uyghurkitap.com



رۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۆگىنىش — پارتگۇرۇپپا مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى ئۆگىنىش، ئورگاندىكى بارلىق ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئۆگىنىش ۋە پارتىيە ياچېيكىسىنى بىرلىك قىلىپ ئۆگىنىشتىن ئىبارەت 3 قاتلامغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى، بۇ بىر يىلدا مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى 10 قېتىم، بارلىق ئىشچى- خىزمەتچىلەر 20 قېتىم ئۆگىنىش قىلدى.

(1) باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى توغرىسىدىكى سۆزى ئەستايىدىل ئۆگىنىلدى. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ئاخىرلاشقاندا شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى توغرىسىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، كومىتېتىمىز 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 ـ 9 - كۈنىگىچە بارلىق ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى قاتناشتۇرۇپ ئىشنى توختىتىپ كۇرس ئاچتى، كۇرستا جاڭ چۈەن «شىنجاڭدىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ ئېتنولوگىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش - يۆتكىلىش ئەھۋالى» دېگەن تېمىدا، ئابلىز ئورخۇن «شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ تەرەققىيات تارىخى» دېگەن تېمىدا، ۋاڭ خاۋ «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن تېمىدا، ليۇ شىڭ «شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئالاقىسى» دېگەن تېمىدا، خۇاڭ جيەنئەن «دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا قىلغان ياردىمى ۋە شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزگە قوشقان تۆھپىسى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس لېكسىيە سۆزلىدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇ ھەقتە ئەستايىدىل مۇزاكىرە ئېلىپ باردى ۋە تەسىرات يازدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۇشكۈل، بىز بايرىقىمىز روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم، دېگەن تونۇشقا كەلدى.

(2) يولداش جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» دا قىلغان مۇھىم سۆزى ئەستايىدىل ئۆگىنىلدى. بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تېلېۋىزوردىن باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇردۇق. «سۆز» تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئومۇميۈزلۈك ئۆگىنىشكە تەشكىللەش ئاساسىدا، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قاتناشتۇرۇپ بىر ھەپتە ئىش توختىتىپ كۇرس ئاچتۇق، كۇرستا كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى سۆزلەنگەن سىنئالغۇ فىلمى كۆرۈلدى. ھەممەيلەن تەسىرات ماقالىسى يازدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق كۆپچىلىك مۇنداق تونۇشقا كەلدى: ماركسىزم نەزەرىيىسى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان نەزەرىيىۋى خىسلەتكە ئىگە، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىشى ھەم ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك، جۇڭگو كومپارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگودىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە باشتىن - ئاخىر ۋەكىللىك قىلىشى، جۇڭگودىكى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا

ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە باشتىن - ئاخىر ۋەكىللىك قىلىشى، جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە باشتىن - ئاخىر ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان تەزكىرە خىزمىتى جۇڭگودا ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

(3) «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى قارارى» ئەستايىدىل ئۆگىنىلدى. ج ك پ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار»ى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئاۋۋال پارتگۇرۇپپا مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدا ئۆگىنىلدى، ئاندىن كېيىن بارلىق ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇرۇلدى. ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش داۋامىدا، پارتىيە ئەزالىرى «قارار» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «سەككىزدە چىڭ تۇرۇش، سەككىزگە قارشى تۇرۇش» قا سېلىشتۇرۇپ ئۆزلىرىنى تەكشۈردى. 11 - ئايدا ئىدارىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى 3 كۈن ئىش توختىتىپ ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پارتگۇرۇپپا ئەزالىرى قارارغا سېلىشتۇرۇپ ئۆزلىرىنى تەكشۈردى.

2) پارتىيە ئىستىلى- پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئۇ ھەقتىكى مەسئۇلىيەت ئېڭى كۈچەيتىلدى.

2001 - يىل 3 - ئايدا كومىتېت پارتگۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، پارتگۇرۇپپا رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلى- پاكلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى ئايرىپ چىقىپ، پارتگۇرۇپپا ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۈستىگە ئالىدىغان ۋەزىپە، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇردى ھەمدە بۇ ھەقتە دوكلات تەييارلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا يوللىدى.

4 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى تەشۋىقات تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى.

9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيىلىك كادىرلار ئارىسىدا «‹سۆز› نى ئۆگىنىش، پارتىيە ئىستىلىنى مۇھاكىمە قىلىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق. 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، خۇ جيايەن، جاڭ شيۇمىڭ، جۇ يۈەن قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق «‹سۆز› نى ئۆگىنىش، پارتىيە ئىستىلىنى مۇھاكىمە قىلىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش» سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى ئۆگەندۇق. تەربىيە ئېيى مەزگىلىدە، بارلىق ئىشچى- خىزمەتچى بىر ھەپتە ئىشتىن توختاپ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ 1 - ئىيۇلدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگەندى. باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - ئىنتىزامچان بولۇشى توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەندى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى يولغا قويۇلغاندىن

بۇيانقى پارتىيە ئىستىلى- پاكلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئەھۋالنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈردى. سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشتە كۆپچىلىك بىردەك، ھازىر بىزدە قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلار كۆرۈلمىدى، بۇ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرۈلمەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بىز چوقۇم ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشىمىز، پارتىيە ئىستىلى- پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش مەسئۇلىيەت ئېڭىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكى، جاپالىقلىقى ۋە مۇرەككەپلىكلىكىنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇپ، ئۆزىمىزدىن، ھازىردىن باشلاپ، چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇداپىئە سېپىنى ئىدىيە جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم، دېگەن تونۇشقا كەلدى.

12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پارتگۇرۇپپا پارتىيە ئىستىلى- پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئايرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈشتە ھېچقانداق مەسىلە بايقالمىدى، ئىدارىنىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياخشى بولدى.

3) ئورگان ئىستىلى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى.

پارتگۇرۇپپا ۋە ئورگان پارتكومى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى قەرەللىك مۇھاكىمە ۋە تەھلىل قىلىپ، سىردىشىش پائالىيىتىنى نىشانلىق قانات يايدۇردى. كومىتېت رەھبەرلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن دائىم سىردىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندى. يولداش سۈي شۈجيې ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، تۇنجى ئىشچى - خىزمەتچىلەر يىغىنىدا ئورگاندا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، توغرا كەيپىياتنى تۇرغۇزۇپ، خىزمەتتىكى ئۆزمەيلىمچىلىكنى تۈگىتىپ، ھەممە ئىشتا قائىدە- تۈزۈم بويىچە ئىش بېجىرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىنكى يېرىم يىلدا، بىز ئورگاننىڭ ئەسلىدىكى قائىدە - تۈزۈملىرىنى رەتلەپ، بەزىلىرىنى ئۆزگەرتىپ ۋە تولۇقلاپ چىقتۇق، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىشىنى باشقۇرۇش چارىسى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇغقان يوقلاشنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتۇق. بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىنتىزامدىكى چېچىلاڭغۇلۇق ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، يوقلىما تۈزۈمىنى چىڭىتتۇق. ئورگان ئىستىلىدا مۇئەييەن ياخشىلىنىش بولدى. ئورگاندىكى كادىر، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئادەم كۈتۈۋېلىشى جەھەتتىمۇ ئىلگىرىلەش بولدى. ۋىلايەت، ناھىيە ۋە نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تارىخ- تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى يولداشلار بىزنىڭ ئورگاننى ئىشىكىدىن كىرىش ئوڭاي، خادىملىرى ئىللىق چىراي، ئىش بېجىرىش قولاي، دەپ ئىنكاس قىلىشتى.

4) ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئورگان پارتكومى ئورگاننىڭ سىياسىي تەربىيىسىنى ئەستايىدىل ياخشى تەشكىللەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك تۇتتى. «ئىلغار- مۇنەۋۋەر بولۇش» پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، تەشكىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى ۋە پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان ئاكتىپلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلە-

دى. پارتىيە ياچېيكىلىرى تەربىيىلەيدىغان ئادەملەرنى پائال تاللىدى ۋە تەڭشىدى، پارتىيە ئەزالىرى سىردىشىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىدىيىۋى خىزمەتنى سەۋرچانلىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلىدى. 2001 - يىلى 2 ئادەم پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىپ، يېڭى قان كۆپەيدى. بىر ئادەم پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى سۇندى ھەمدە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان پارتىيىگە كىرىدىغان ئاكتىپلارنى تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتناشتى. يىل ئاخىرىغىچە ئورگاندا 5 پارتىيە ياچېيكىسى تەسىس قىلىندى، پارتىيە ئەزاسى 39غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان پارتىيە ئەزاسى 13. كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى خىزمەت، ئۆگىنىشتە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى ۋە كەسپىي تايانچلىق رولىنى خېلى ياخشى جارى قىلدۇردى، پۈتكۈل ئورگاننىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ساغلام تەرەققىي قىلىش ھالىتى بارلىققا كەلدى. يىل ئاخىرىدا ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسىدىن بىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىدىن 5ى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسىدىن بىرى باھالاپ چىقىلدى. پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى ھارپىسىدا، يىلنامە تەھرىراتى - ئۇچۇر باشقارمىسى پارتىيە ياچېيكىسى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

2001 - يىلى ئورگان پارتكومى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى ئاساسىي تېما قىلىپ خىلمۇ خىل تەلىم - تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. پارتىيە ئەزالىرىنى قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارغا بېرىپ تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە، قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلاشقا ھەم ئۇلارغا پۇل ئىئانە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى؛ «پارتىيە قەلبىمدە» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، بىر ئادەم ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى؛ يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى؛ «1 - ئىيۇل» نى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، پارتىيىنىڭ پارلاق مۇساپىسى ئەسلەپ ئۆتۈلدى، پارتىيىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرى مەدھىيىلەندى، ئۇ ئارقىلىق بارلىق پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىگە ئېرىشتى.

5) مەدەنىي ئورگان بەرپا قىلىش خىزمىتىدە يېڭى بۆسۈش بولدى.

2001 - يىلى تەزكىرە كومىتېتى «مەدەنىي ئورگان بەرپا قىلىش» پائالىيىتىدە، ئورگان ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش ۋە كەسپىيئەخلاقنى كۈچەيتىشنى يادرو قىلىپ، «خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش، مەدەنىي ئورگان بەرپا قىلىش» نى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى پائال تەشكىللىدى. بىرىنچىدىن، رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەردى، تۈزۈملەر مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. پارتگورۇپپا شۇجىسى بىرىنچى مەسئۇل كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى، پارتگورۇپپىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان رەھبەر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گورۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولدى، تۈرلۈك بەلگىلىمىلەر تۈزۈپ چىقىلدى. 2001 - يىلى «مەدەنىي باشقارما بەرپا قىلىشتا يولغا قويۇلىدىغان چارە» تولۇقلاپ تۈزۈپ چىقىلىپ، مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش

www.uyghurkitap.com



خىزمىتى يەنىمۇ تۈزۈملەشتۈرۈلدى. پارتگۇرۇپپا يىغىنى ۋە مۇدىرلار ئىش بېجىرىش يىغىنىدا يەنە مەدەنىي ئورگان بەرپا قىلىش خىزمىتى كۆپ قېتىم مۇزاكىرە قىلىندى. ئىككىنچىدىن، مەدەنىيلىك مەكتىپى قۇرۇلدى. مۇئاۋىن مۇدىر رېن مىڭجى مۇدىر بولدى. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن «كەسپىي ئەخلاق ۋە مەدەنىي ھەرىكەت ئۆلچىمى» توغرىسىدا 6 قېتىم دەرس ئۆتۈلدى ھەم ئىمتىھان ئېلىندى. ئۈچىنچىدىن، مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەلىپى بويىچە تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىۋېرسال تۈزەش پۇختا، ئۈنۈملۈك بولدى، جەمئىيەت ئامانلىقىغا ياتىدىغان تۈرلۈك ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى توسۇلدى. ئورگان مۇھىتى، قىياپىتى ياخشىلىنىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. ساغلاملىق تەربىيىسى يىل بويى چىڭ تۇتۇلدى، تۈرلۈك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بەدەن ساپاسى كۈچەيتىلدى. پىلانلىق تۇغۇت بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇشنىڭ تۈرلۈك بەلگىلىمىلىرى تولۇق ئورۇندالدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىر قىسىم ئەمەلىي ئىشلار قىلىپ بېرىلدى. 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى تەشكىللىگەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، ئۇلار: رەھبەرلىك كۆڭۈل بۆلگەن، تەدبىر كۈچلۈك، ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولغان، دەپ باھا بەردى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى ئىدارىمىزنى مەدەنىي ئورگان قىلىپ تەستىقلىدى.

2. كەسپىي خىزمەت

2001 - يىلى كومىتېتىمىز ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ نەشر قىلىنىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى، يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتتى، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، خوتەن، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، سانجى، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق يىغىنىنىڭ روھىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلاپ، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئەت ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلىپ، پىلان تۈزدى، بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلار تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش يولىغا سالدى، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات زاپاس كۈچى تولۇقلاندى. بىر قىسىم نازارەت، ئىدارىلەرمۇ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى پائال ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى.

2001 - يىلى 13 توم تەزكىرە كىتابى رەسمىي نەشر قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» كەسپلەر تەزكىرىسى 6 توم، يەنى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئەدلىيە مەمۇرىيىتى تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مېۋە - چېۋە تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ

ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئىجتىمائىي پەنلەر تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. كوممۇنىستىك پارتىيە تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. خەلق ئاۋئاتسىيىسى تەزكىرىسى» ؛ ۋىلايەت ( ئوبلاست) ، ناھىيە( شەھەر ) تەزكىرىسى 5 توم، يەنى «نىلقا ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «پىچان ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «ئالتاي شەھىرى تەزكىرىسى» ، «فۇكاڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشر قىلىندى ؛ «ئاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى» ( ئۇيغۇرچە) ، «ئاقچى ناھىيىسى تەزكىرىسى» ( قىرغىزچە) تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىندى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە 46 توم « شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» كەسپلەر تەزكىرىسى نەشر قىلىنىپ، پىلانىنىڭ %53.5ى ئورۇندالدى؛ 59 توم ۋىلايەت ، ناھىيە تەزكىرىسى نەشر قىلىنىپ، پىلانىنىڭ %54.6ى ئورۇندالدى (108 توم بويىچە ھېسابلاندى، قاراماي، نەنسەن كان رايونى، دۇڭسەن رايونى بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشكە قاتناشتۇرۇلمايدۇ) .

« شىنجاڭ يىلنامىسى» (2001 ) نىڭ خەنزۇچىسى 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، ئۇيغۇرچىسىمۇ يىل ئاخىرىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

تەھرىرلەش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان تەزكىرىلەردىن «قەشقەر شەھىرى تەزكىرىسى» ، «تۇدۇڭخابا رايونى تەزكىرىسى» ، «يېڭىشەھەر رايونى تەزكىرىسى» ، «چاغانتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «تولى ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «غۇلجا شەھىرى تەزكىرىسى» ، «موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «جىمىسار ناھىيىسى تەزكىرىسى » بار؛ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. كادىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى» تۈزۈلۈۋاتىدۇ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. چوڭ ئىشلار» ، «شەخسلەر تەزكىرىسى» (1 - توم) ، «تەشكىلىي تۈزۈلۈش تەزكىرىسى» ئاساسەن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن، خىراجەت ئەمەلىيلەشمىگەچكە نەشر قىلىنمىدى.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچىسى ۋە ئۇيغۇرچىسى 4 ساندىن نەشر قىلىندى. «تەزكىرىچىلىك ئۇچۇرى» دىن بىر يىلدا 40 سان تۈزۈپ تارقىتىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالى تەشۋىق قىلىندى، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇلدى.

كومىتېتىمىز يۇقىرىقى ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىغاندىن سىرت، مۇناسىۋەتلىك باشقارمىلار «قاراماي يىلنامىسى» ، «تارىم نېفىتلىكى يىلنامىسى» ، «تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى يىلنامىسى» ، «شىنجاڭ كارخانا يىلنامىسى» ، « بايىنغولىن يىلنامىسى» ، «قەشقەر يىلنامىسى» ، «بۇرۇلتوقاي يىلنامىسى» ۋە «قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى تەزكىرىسى» ، «تۇرپان ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى تەزكىرىسى » ، «ئالتاي ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى تەزكىرىسى» ، «قاراماي ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى تەزكىرىسى» ، «شىخەنزە قىزىلتاغ ئېغىزى ئېلېكتر ئىستانسىسى تەزكىرىسى» قاتارلىق تەزكىرە كىتابلىرى ۋە يىلنامىلەرنى تەھرىرلەش، تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قاتناشتى.

3 . ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش

تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى كەسپىي باشقارمىلاردىكى يولداشلار بىلەن

uyghurkitap.com

ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارە رەھبەرلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىپ، ھەل قىلدى. كومىتېت رەھبەرلىرى باشقارمىلاردىكى يولداشلار بىلەن ئاشلىق ئىدارىسى، ئاۋئاتسىيە ئىدارىسى، دۆلەت زېمىن - بايلىق نازارىتى ۋە سانجى شەھىرى، مورى ناھىيىسى، بورتالا ئوبلاستى ھەمدە ئارشاڭ ناھىيىسى، ئىلى ئوبلاستى ۋە غۇلجا شەھىرى، موڭغۇلكۈرە ، تېكەس ناھىيىلىرى، ئالتاي ۋىلايىتى، چىڭگىل، كۆكتوقاي، قابا، جېمىنەي، بۇرچىن ناھىيىلىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئاۋات ناھىيىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسى، قەشقەر ۋىلايىتى، قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى، پەيزاۋات، يوپۇرغا، يەكەن، قاغىلىق، يېڭىسار ناھىيىلىرى ۋە خوتەن ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلىشىغا تۈرتكە بولدى.

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ قىسمەن باش مۇھەررىر، مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ئىچىدىكى كەسپلەر تەزكىرىلىرىنى نەشر قىلىش بويىچە 2001 - يىللىق ۋەزىپىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى كەسپلەر تەزكىرىلىرىنىڭ بۇ يىللىق نەشر قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

«يېڭىشەھەر رايونى تەزكىرىسى» ، «ئارشاڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «قابا ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «بۇرچىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، « قىزىلسۇ ئوبلاستى تەزكىرىسى» ، «چىڭگىل ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «كۆكتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «ئالتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، «ئىلى ئوبلاستى تەزكىرىسى» نىڭ ئورىگىنالى تەكشۈرۈپ باھالاندى.

4 . ئارقا سەپ كاپالىتى خىزمىتى

2001 - يىلى ئىشخانىدىكى يولداشلار ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپنى قەدىرلەش روھىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆز خىزمىتىنى ئاساس قىلىپ، مۇلازىمەت ئېڭىنى تىكلەپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى، خىزمەت سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈردى، كادىرلار، مائاش، ئۈنۈۋان باھالاش - تەكلىپ قىلىش، مالىيە باشقۇرۇش، پىلانلىق تۇغۇت، پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىقى جەھەتلەردە نۇرغۇن پۇختا خىزمەت ئىشلىدى، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردى. يىل بېشىدا «بەخت» يولى ئائىلىلىكلەر قوروسىنىڭ كارىدورلىرىنى ئاقارتىپ، ئۆگزىسىنى پۇختىلىدى ، 2 - قېتىملىق سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈسكۈنىلىرىنى ئورنىتىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 9 - ئايدا «بەخت» يولى ئائىلىلىكلەر قوروسىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبا تورىنى يېڭىلىدى. مۇشۇ يىلى «يىكەن كۆل» يولى ئائىلىلىكلەر قوروسىغا رىشاتكا ۋە تۆمۈر دەرۋازا ئورنىتىلدى.

ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر

1) تەزكىرە كىتابلىرىنى چىقىرىشقا كېتىدىغان خىراجەت قىس، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى

ئاستا بولماقتا. 2005 - يىلىغىچە مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداشتا بېسىم ناھايىتى ئېغىر. بولۇپمۇ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ ھەرقايسى كەسپلەر تەزكىرلىرىنى نەشر قىلىشتا بېسىم تېخىمۇ ئېغىر بولماقتا. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

2) مەدەنىي ئورگان بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى بولمىدى، ئورگاننىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

3) يىل بېشىدىكى پىلان تولۇق ئەمەلىيلەشمەي قالدى. مەسىلەن: جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى يىغىنى ئېچىش، كۇرس ئېچىش، كىتاب چىقىرىش پىلانى، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى، كەسپىي ئۆگىنىش قاتارلىق يىل بېشىدىكى پىلانلار تېخى تولۇق ئەمەلىيلەشمىدى.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى**

**2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 2002 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

2002 - يىل - پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز تارىخىدىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە يىل بولىدۇ، پارتىيىمىز 16 - قۇرۇلتايى ئاچىدۇ، دۆلەت غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە ۋە ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشكە دائىر تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇلار شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىمىز.

**1. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت كۈچەيتىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسى تىرىشىپ ئۆستۈرۈلىدۇ**

1) سىياسىي تەربىيە.

(1) باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى داۋاملىق چوڭقۇر ئۆگىنىلىدۇ، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى قارارى»، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە ئېقىم مەسىلىلىرىگە دائىر سىياسەتلەر ئۆگىنىلىدۇ. بۇ يىل 1 - پەسىلدە ئىدارىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئورگان پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا دائىر كونكرېت تەدبىرلەر تۈزۈلۈپ، «قارار» نىڭ روھى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ.

(2) پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئۆگىنىلىدۇ ھەمدە ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ.

(3) پارتىيىنىڭ سىياسىي ئىنتىزام تەربىيىسى كۈچەيتىلىدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى قەتئىي قوغدىلىدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇلىدۇ.

سىياسىي ئۆگىنىش ئۈچ قاتلام بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بىر يىلدا پارتگۇرۇپپىنىڭ مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى 12 قېتىم، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 12 قېتىم، پارتىيە ياچېيكىسى تەشكىلاتلىرى 6 قېتىم ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

2) پاك - دىيانەتلىك بولۇش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى كۈچەيتىلىدۇ.

(1) پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى كۈچەيتىلىدۇ. پارتگۇرۇپپا ۋە باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار يۇقىرىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىدىيە جەھەتتە چىرىكلىشىشنى رەت قىلىپ، ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيىسى بەرپا

قىلىشى كېرەك.

(2) 4 - قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى ئېيىدا تۇرلۇك پائالىيەتلەر ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇلىدۇ.

(3) پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىغا دائىر تۇرلۇك بەلگىلىمىلەر ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ.

3) ئورگاننىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى كۈچەيتىلىدۇ.

ئاساس خىزمەتلەر چىڭ تۇتۇلۇپ، ئورگان پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ. «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلىدۇ. ئورگان پارتكومىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش خىزمىتى ۋە ياچېيكىلارنى ئۆزگەرتىپ سايلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ.

4) ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى بەرگەن «مەدەنىي ئورگان» دېگەن نام داۋاملىق ساقلاپ قېلىنىدۇ.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى ئورگىنىمىزغا «مەدەنىي ئورگان» دەپ نام بەردى. 2002 - يىلى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلىدۇ، ئورگان ئىستىلى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، توغرا كەيپىيات بەرپا قىلىنىدۇ، ناتوغرا ئىستىللار تۈزىتىلىدۇ، مەدەنىي سۆزلەش، كىشىلەرگە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش تەشەببۇس قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئېڭى كۈچەيتىلىدۇ. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى كۈچەيتىلىدۇ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار ۋە پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى پائال ياخشى ئىشلىنىدۇ.

**2. تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش سۈرئىتى تېزلىتىلىدۇ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ.**

ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا 2005 - يىلغىچە مۇشۇ نۆۋەتلىك خەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بىز تۇرلۇك تەزكىرە تۈزۈش خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ۋەزىپىنى تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

1) 2002 - يىلى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىن 9نى نەشر قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش پىلانلاندى، ئۇلار: «كادىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى»، «ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم تەزكىرىسى»، «مەدەنىيەت ئىشلىرى تەزكىرىسى»، «يېزا - بازار كارخانىلىرى/تەزكىرىسى»، «جامائەت خەۋپسىزلىكى تەزكىرىسى»، «نەشرىياتچىلىق تەزكىرىسى»، «تەنتەربىيە تەزكىرىسى»، «سىياسىي ئىشلار تەزكىرىسى»، «ئورمانچىلىق تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت.

ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىسىدىن 9ى نەشرگە تەييارلاندى، ئۇلار: «تۇرپان

www.uyghurkitap.com



شەھىرى تەزكىرىسى»، «قەشقەر شەھىرى تەزكىرىسى»، «جىمسار ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «تۇدۇنخابا رايونى تەزكىرىسى»، «يېڭىشەھەر رايونى تەزكىرىسى»، «موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «غۇلجا شەھىرى تەزكىرىسى»، «تولى ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت.

8 توم تەزكىرە كىتابىنى، يەنى: «چاغانتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «بۇرچىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قابا ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «چىڭگىل ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «يېڭىسار ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، «ئارىشاڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تەھرىرلەش - تەكشۈرۈش خىزمىتى تىرىشىپ تاماملىنىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش پىلانلانغان تەزكىرە كىتابى 2، ئۇلار: «تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى» (قازاقچە)، «ئاشلىق تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە).

2) «شىنجاڭ يىلنامىسى» نى نەشر قىلىپ تارقىتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ. «شىنجاڭ يىلنامىسى» (خەنزۇچە) 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا نەشردىن چىقىدۇ، يىلنامە ئىسلاھ قىلىنىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىلىپ، يىلنامىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبى نامايان قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ يىلنامىسى» يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن نەشردىن چىقىرىلىدۇ. يىلنامىنى تارقىتىش خىزمىتى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىنىپ، تېخىمۇ كۆپ ئوقۇرمەنلەر يىلنامىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىدۇ.

3) ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتى ۋە نەزەرىيە تەتقىقات خىزمىتى كۈچەيتىلىدۇ. تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى بويىچە تەتقىقات خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلىدۇ، ئىلمىي جەمئىيەت ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى داۋاملىق ياخشى چىقىرىدۇ ھەمدە تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش كەيپىياتىنى تىرىشىپ يارىتىپ، ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنى تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىگە دائىر يۇقىرى سۈپەتلىك ماقالىلەرنى يېتىشتۈرىدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىدىغان بوشۇككە ئايلاندۇرىدۇ. ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرىدۇ. مۇشۇ بىر يىلدا 1 ـ 2 قېتىم ئىلمىي دوكلات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. 2002 - يىلى ئىلمىي جەمئىيەت ئالاقە ئەۋەتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بارلىق كېڭەش ئەزالىرىغا ئىلمىي جەمئىيەت رەھبەرلىرىنى سايلاتقۇزىدۇ.

4) تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ تۇرلۇك تەييارلىق خىزمەتلىرى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىنىدۇ. تەزكىرە كومىتېتى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش لايىھىسى توغرىسىدا ھەرقايسى تەرەپلەردىن داۋاملىق پىكىر ئېلىپ، لايىھىنى بالدۇرراق بېسىپ تارقىتىپ يولغا قويۇشنى قولغا كەلتۈرىدۇ. تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشكە دائىر نەزەرىيە تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ ئىش ئۈچۈن نەزەرىيە جەھەتتىن ياخشى تەييارلىق كۆرىدۇ. تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر ئىچىدىكى ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشىلىرى يىلنامە تۈزۈپ نەشر قىلسا بولىدۇ؛ شارائىتى يار بەرمەيدىغان جايلارمۇ ماتېرىيال توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، توپلانغان ماتېرىياللارنى

تۇرگە ئايرىپ رەتلەپ، ئىچكى ماتېرىيال قىلىپ بېسىپ، كېيىنكى نۆۋەتلىك تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ئۈچۈن ماتېرىيال تەييارلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

5) تەزكىرە كىتابلىرىنى ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش پائالىيىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلىدۇ. جايلار ۋە ئورۇنلار تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۇسۇلى ۋە يوللىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش داۋامىدىكى رولىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. غەربنى كەڭ ئېچىش، جۇڭگونىڭ WTO غا كىرگەنلىكىدەك پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقى ئۈچۈن ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.

6) تەدبىر قوللىنىپ، تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

(1) بىر قېتىم تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى ئاستا ۋىلايەت ۋە نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە تۈزۈش قەدىمىگە ئىمكانقەدەر تېز يېتىشىۋېلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

(2) ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى (مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىس) نىڭ رىياسەتچىلىكىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى تېخى نەشردىن چىقارمىغان مۇناسىۋەتلىك نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ بۇ خىزمەتكە مەسئۇل رەھبەرلىرىنى قاتناشتۇرۇپ، سۆھبەت يىغىنى ئېچىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

(3) تەزكىرە خىزمىتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر قېتىم ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى ئېچىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

(4) ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت تەستىقلاپ بەرگەن نامرات رايونلارنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ئۈچۈن ھەر يىلى ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان 500 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىنى ئاپتونوم رايون مالىيىسىنىڭ ئىمكانقەدەر تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بېرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

(5) ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى بۇ يىل يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرىنى تەربىيىلەش بويىچە بىر قارار كۇرس ئېچىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە شارائىتى بار ئورۇنلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، مۇناسىۋەتلىك تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا قاتناشتۇرسا بولىدۇ.

(6) ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈشنى پائال ئىلگىرى سۈرىمىز.

7. ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ئىمكانقەدەر تېز ھەل قىلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# غۇلجا خاتىرىلىرى

## (1856 ـ يىلىدىكى غۇلجىغا قىلغان سەپىرىمدىن خاتىرە)

چوقان ۋەلىخانوف (روسىيە)

1856-يىلى 1-ئاۋغۇست

جۇڭگونىڭ بوروخوجىر چېگرا قاراۋۇلخانىسى-
مەلۇم بىر ئىش سەۋەبىدىن جۇڭگو تەرەپكە ئۆتۈشكە
توغرا كەلدى. قاپال شەھىرىدىن يولغا چىقىپ تاتارى-
نوفنىڭ ئۆيىدە ھەمراھلىرىمنى كۈتۈۋاتقىنىمغا بۇ-
گۈن ئالتە كۈن بولدى. پۈتكۈل ئالاتاۋ ۋادىسىدىكى
داۋانلار ئىچىدە سانتاس داۋىنىدىن قالسىلا بىز ئۆتى-
دىغان مۇشۇ ئۇيگېنتاس (تاش دۆۋىسى دېگەنلىك)
داۋىنى ئۆتۈش بىر ئاز قولايراق داۋان ھېسابلىنىدۇ.
ئۇنىڭ نامى سان-ساناقسىز قازاق قەبرىلىرىگە ئوخ-
شاپ قالىدىغان بىر كىچىك قورغاننىڭ نامىدىن كې-
لىپ چىققان. بۇ يەرلەردە ئۇنداق قورغانلارنىڭ سانى
مىڭدىن ئاشىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيگېنتاس
ئەڭ داڭلىق بولغاچقا، پۈتۈن بىر ۋادا بىلەن قوشۇ-
لۇپ، بۇ داۋاننىڭ نامى ئاشۇ قورغاننىڭ نامى بىلەن
ئاتىلىپ قالغان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ قور-
غاننى جۇڭغار خانلىقىنىڭ قۇنتەيجىلىرىدىن بىرى
بولغان سىرە باتۇر بىنا قىلدۇرغانمىش.

1852-يىلى پولكوۋنىك كوۋالېۋسكي باشچىلى-
قىدىكى زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان بىر توپ كا-
زاك ئەسكىرى مۇشۇ ئويگېنتاس داۋىنىدىن ئۆتكەن.
بىز قوسمۇرىن قەلئەسىدىن ئۆتۈپ بىر ئېدىرلىققا
چىقىپ قالدۇق. بۇ ئالاتاۋ تاغلىرىنىڭ ئاخىرقى ئې-
دىرلىقلىرى بولۇپ، ئەمدى ماڭساق ئىلى تەۋەسىگە
ئۆتۈپ كېتەتتۇق. ئېدىرلىق تۈگىشى بىلەنلا كەڭ
تۈزلەڭلىككە چىقىپ قالدۇق. ئالدى تەرىپىمىزدە بىر
تۈپ دەرەخ، دەرەخ ئەتراپىدا ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلارنى
كۆردۇق. بىز كۆرگەن ئاشۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە جۇڭ-
گو تەرەپنىڭ چېگرا قاراۋۇلخانىسى ئورۇنلاشقانىدى.

بىز قاراۋۇلخانىغا يېقىنلىشىشىمىزغىلا ئەتراپتىكى
بىر تۆپىلىككە چىقىپ قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان بىر
ئەسكەر «ئادەم كەلدى» دەپ ئۈنلۈك تۇۋلىدى. قارا-
ۋۇلخانا تاملىرىدىن بىر نەچچە ئادەمنىڭ تاقىر باشلى-
رى غىل - پال كۆرۈنۈپ يەنە يوقاپ كەتتى. بۇنداق
ياۋايىلىق ئەسلىدە ۋارۋارلارغا ئادەت بولۇپ، مەدەنى-
يەتلىك دەپ سانىلىدىغان جۇڭگولۇقلار ئۇنداق قىلىق-
لارنى قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. بىز جۇڭگولۇقلارغا
بىھۆرمەتلىك قىلمايلى دەپ، ئالدى بىلەن ئالاقچى
ئەۋەتتۇق ۋە قاراۋۇلخانىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئورۇن تال-
لاپ قونالغۇ راسلىدۇق. بىز ئىشلىرىمىزنى تۈگىتىپ
كىگىز ئۆيلىرىمىزگە كىرىشىمىزگىلا قاراۋۇلخانا تە-
رەپتىن مانجۇلار چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا
بىرسى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ،
ئاتنى يەڭگىل ماڭدۇرۇپ گىدىيىپ كېلىۋاتاتتى. بىز
ئۇنى مەرتىۋىلىك لويى (باشلىق) بولۇشى مۇمكىن
دەپ پەرەز قىلىشتۇق. ئۇ بىزنىڭ چېدىرىغا ئېڭىشىپ
كىرىپ، خۇددى كۆندۈرۈلگەن قارا قۇشقاچتەك ئاۋا-
زىنى ئىنچىكە چىقىرىپ سۆزلەپ سالام-سائەتنى باشى-
لىدى. ئۇ ئالدى بىلەن بىزگە «چى فەنلىما؟ (تاماق
يېدىڭلارمۇ)» دېدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ جاڭجۇن ۋە
مەسلىھەتچى ئامبالغا ۋەكالەتەن بىزدىن قىسقىچە ئەھ-
ۋال سورىدى. . .

ھېلىقى ئەمەلدار بىر دەم ھاردۇقىنى ئېلىۋالغان-
دىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مانجۇ ئىكەنلىكىنى ھەم ئىلى



جاڭجۇنى تەرىپىدىن بىزنى كۈتۈۋېلىپ، غۇلجىغا بىل-
لە ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل بولۇپ كەلگەنلىكىنى
ئېيتتى. ئۇ تاتارچىنى ئاز-تولا بىلىدىكەن، شۇڭا ئۇ
بىز بىلەن ئالاقە قىلغاندا خەنزۇ تىلىغا تۈركىي تىل
ئارىلاشقان بىر خىل قىزىقارلىق تىلدا سۆزلىدى.

2- ئاۋغۇست

بوروخوجىر قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتتۇق. بورو-
خوجىر قاراۋۇلخانىسىدىن تاكى ئۆسەك دەرياسىغىچە
بولغان ئارىلىقتا خاس قاقاس دالىدا مېڭىشقا توغرا
كېلىدۇ. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ بىر ئۇچى غۇلجىغا تۇتى-
شىدۇ. بۇ دالىدا پاكار شىۋاق، قارا شىۋاق، ئوغرى
تىكەن دېگەندەك چۆل ئۆسۈملۈكلىرىدىن باشقا ھېچ
نەرسە ئۇچرىمايدۇ. . . بىز تازا چارچاپ، كالپۇكلى-
رىمىز گەز باغلاپ كەتكەندە ئۆسەك دەرياسى بويىغا
يېتىپ كەلدۇق. چۈشلۈك تامىقىمىز پىشىپ بولغىچە
سۇغا چۈشۈپ بىر ئاز راھەتلىنىۋالاي، دەپ دەريا
سۈيىگە چۈشتۈم. نەدىكى راھەت، قانلىرىم قىزىپ
بولالمىدىم، ئاخىرى ئاپتاپتا ئىسسىپ قالغان قېمىز-
نى ئىچىپ باقتىم، سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ باق-
تىم، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇسسۇزلۇقۇمنى باسالمى-
دىم. . . ئۆسەك دەرياسىدىن ئۆتۈشىمىزگىلا ئەتراپى-
مىزدىكى تەبىئەت ئۆزگىرىۋاتقاندەك بىلىندى. بىز
كەڭ كەتكەن بىر توقايلىققا قەدەم تاشلىدۇق. ئوڭ
تەرىپىمىزدە ئىلى دەرياسى، ئۇدۇلىمىزدا كەڭ كەت-
كەن بىر مۇنبەت تۇپراق بىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئى-
دى. . . بۇ جايدىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ بويلىرىدا
ھەر خىل ئۆسۈملۈك، زىرائەتلەر قويۇق ئۆسكەنىدى.
ئەسلىدە ئاچچىق شىۋاق بىلەن ئوغرى تىكەندىن باشقا
نەرسە ئۈنمەيدىغان تۇپرىقى ناچار، شور ئۆرلەپ تۇرى-
دىغان بۇنداق تاشلاندۇق زېمىننى ئېرىنمەي ئۆزگەر-
تىپ، ھاياتلىق ئۇچۇن جاپالىق ئىشلەپ، خىلمۇ -
خىل زىرائەتلەرنى تېرىپ جان بېقىۋاتقان جۇڭگو دېھ-
قانلىرىنىڭ غەيرىتىگە قاراپ ھەيران بولماي تۇرالماي-
سەن. بۇنداق ئەللەردە تەر تۆكۈپ بىرەر نېسىۋىگە
ئېرىشمەن دېگەن ئادەم ئالدى بىلەن دۇنياغا جۇڭگو-
لۇق بولۇپ يارىلىشى كېرەكتەك قىلىدۇ. ئۇلار جاپا
چەككەندەك قىلغىنى بىلەن ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرگە
ئېرىشكەن. ئېرىشكەندىمۇ ناھايىتى ئاسانلا ئېرىشكەن-
دەك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى خالىغان يەرلەر-
نى تاللىيالايدۇ ھەم ئۇ يەرلەرگە خالىغان چاغدا سۇ
باشلىيالايدۇ. ئەسلىدە بۇ كۆچمەنلەر ئىچكى جۇڭگودا
تەستە ئىگە بولىدىغان يامغۇر سۈيىگىلا تايىنىپ يەر
تېرىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئاھالىلەر ئىدى. دەل
مۇشۇ ئەھۋاللارغا قاراپ بىزنىڭ يەرلىرىمىزنى ئۇنۇم-
سىز، دەپ قاخشاپ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماي-
ۋاتقان ئاستىراخان، ئورىنبورگ گوبىرناتورلىقىنىڭ
باشقۇرۇشىدىكى دېھقانلىرىمىز بۇ يەرنىڭ دېھقانلىرى-
دىن ئۆگەنسە بولغۇدەك، دېگۈمىز كېلىدۇ. . .

3- ئاۋغۇست

بىز يول بويى كىچىك - كىچىك توقايلىقلار،
چۆنەك تارتىلغان ئېتىزلىقلاردىن كېسىپ ئۆتتۇق.
ئاغدۇرۇپ قويۇلغان يەرلەر، ئالدىراش دېھقانلار ئۇچ-
راپ تۇراتتى. بىز شىبە زەڭگى (ھەربىي ئەمەل نا-
مى) لىرى تۇرۇشلۇق ياركەنت، تىشقان شەھەرلىرىنى
ئوڭ تەرىپىمىزدە قالدۇرۇپ، ئاقكەنتكە قاراپ يۈرۈپ
كەتتۇق. . . 15 چاقىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن ئالدى-
مىزدا بىر بوستانلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ ئەس-
لىدە ئەتراپى سېپىللار بىلەن قورشالغان بىر كىچىك
شەھەر بولۇپ، يىراقتىن قارىغاندا بۇ شەھەر بەكمۇ
چىرايلىق كۆرۈنەتتى. بىز سېپىل سىرتىدىكى خەن-
دەك ئۈستىگە ئورنىتىلغان كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، شە-
ھەرگە كىردۇق. شەھەر ئىچى جىمجىت بولۇپ، ئى-
گىسىز قالغان شەھەردەك بىلىنەتتى. ھەر بىر ئائى-
لىنىڭ ھويلىسىدا دەرەخلەر بولۇپ، قويۇق سايە تاش-
لاپ تۇراتتى. بىز شەھەرنىڭ بىر دوقمۇشىدا ئىككى
بالىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ بارغان بىر ئايالنى كۆر-
گەندىلا ئاندىن بۇ شەھەردىمۇ ئادەمنىڭ بارلىقىغا ئى-
شەندۇق. مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش
ھالىتى بىز ئۇچراتقان بۇ تۇنجى شەھەردىلا نامايان
بولۇشقا باشلىدى. . . بىز شەھەردىن چىقىپ ئۇچ چا-
قىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن توختاپ كەچلىك قونالغۇ
راسلىدۇق. كېچىچە پاشا چېقىپ تۈزۈك ئۇخلىيالمى-
دۇق.

4- ئاۋغۇست

تاڭ سەھەردە قاتتىق ئۇرۇلغان دۇمباق ئاۋازى
بىلەن ئويغىنىپ كەتتۇق. ئىلى دەرياسى بويىغا يې-

uyghurkitap.com

تېپ بارغىچە يەنە نۇرغۇن ئېگىز-پەس تۆپىلىكلەردىن ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلەتتى، شۇڭا ئەتىگەندىكى سالقىندا يولنى ئاۋۇتۇۋېلىشىمىز كېرەك ئىدى...

قورغاس دەرياسىدىن ئۆتۈشىمىزگىلا ئاسماننى تۇمان باسقاندەكلا بولدى. قارىساق بىر توپ پاشا بىزنى قورشىۋالغانىدى. مۇشۇنداق ئىسسىقتا ئۆلگەندەك هالغا كېلىپ قالغىنىمىزدا پاشا ئۇچرىغىچە بىرەر سالقىن جاي ئۇچرىسىچۇ كاشكى! راست گەپنى قىلساق بىز قورغاس ئەتراپىدا ئاشۇ قان شورىغۇچ هاشاراتنىڭ قولىدا جان بەرگىلى تاس قالدۇق. ئەسلىدە بۇ پاشىلار سازلىقتىكى قومۇلۇقلار ۋە ئەتراپتىكى زىرائەتلەر ئارىسىدىن تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ چىققانىكەن.

مانجۇ ئېلىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ئادەم ئولتۇراقلاشقان يۇرت-كەنتلەرمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ كەنتلەرنى قېلىن دەرەخلەر ئوراپ تۇرغاچقا بىز شەهەر كۆرمەي دەرەخ كۆردۇق دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەگەر بۇ يۇرتلاردا دەرەخزارلىقلار بولماي پەقەت سۇقما تاملىق ئۆيلەرلا بولغان بولسا بىزدەك هاردۇق يەتكەن يولۇچىلارغا خۇددى سەهرايى كەبىرنى بېسىپ ئۆتكەندەك ئېغىر تۇيۇلاتتى. بىز ئەنە شۇنداق گۈزەل يۇرتلارنىڭ بىرى بولغان قورغاس شەهىرىدىن ئۆتتۇق. ئۇڭ تەرىپىمىزدىن ئىككى چاقىرىمچە نېرىدا چىلپەنزە كەنتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇڭ تەرەپتە كۆرۈنگەن تاغنىڭ باغرىدا يەنە ئاشۇنداق بوستانلىق يۇرتلار بولۇپ، ئۇلار سولۇن كەنتلىرى ۋە شىبەلەرنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن كۆپچان دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان كەنتلىرى ئىدى. قورغاس ـ مۇشۇ ئەتلىمدىكى يۇرتلارنىڭ كاتتىسى. ئىلى جاڭجۈنى يېنىدىكى بېرىگادىغا بىۋاستە قارايدىغان شىبە ئامبال (خوجورتاي) مۇشۇ شەهەردە تۇرىدۇ. قورغاس شەهىرى ـ بىر بىرىدىن ئۈچ چاقىرىمچە ئارىلىقتا ئايرىلىپ تۇرىدىغان 3 پارچە بوستانلىقتىن تەركىب تاپقان. چىلپەنزە باغ-ۋارانلىرى كۆپ بىر بوستانلىق شەهەر...

بىز يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلار ئارىسىدىن بىر لوينىڭ تەختى-راۋانلىق مەپىسىگە خىلى ئوبدان سەپ سالدۇق. بۇ بىزنىڭ بۇنداق مەپىنى 2-قېتىم كۆرۈشىمىز ئىدى... مەپىگە ئورنىتىلغان تەختىراۋان ناهايىتى ياسىداق بولۇپ، ئۇستىگە يېپىلغان ئېسىل رەختلەر ئالدىغا ئېشىپ، مەپە شوتىسىنىڭ ئۇستىگە سايە تاشلايتتى. مەپىنىڭ چاقلىرىمۇ كۆك رەڭدە سىرلانغانىدى. مەپىنى ئىككى قېچىر سۆرەيتتى. مەپىنىڭ ئالدىدا بىر چاپارمەن، ئەتراپىدا ۋە كەينىدە مۇلازىملار هۆرمەت بىلەن مېڭىشاتتى. بىز بۇرۇن بۇنداق ئىشلارنى كۆرۈپ بىر ئاز تەئەججۇپلەنگەن بولساق، ئەمدى تېخىمۇ يېڭى ئىشلارنى كۆرۈپ هەيرانلىقىمىز تېخىمۇ ئاشىدىغان، بارماقلىرىمىزنى چىشلەپ، بارلىق ئىشلارنى بىر ئاللاهقا تاپشۇرىدىغان بولدۇق. بىز بۈگۈنكى قونالغۇمىزدا پاشىنىڭ دەردىنى تارتىمىدۇق. ئەتىسى ئورنىمىزدىن تۇرساق، بەدەنلىرىمىز ئېغىرلىشىپ، يۈز-كۆزلىرىمىز ساڭگىلاپ قالغاندەك هېس قىلدۇق. مەن تاڭ ئاتقىچە مىلتىقىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپنى كېزىپ چىقتىم. بىراق ئىزدىگىنىمنىڭ پايدىسى بولمىدى. كىچىچە سايراپ ئۇيقۇمنى هارام قىلغان بۆدۈنە دېگەن بۇ بىر نېمىلەر قېشىمدىلا تۇرسا بىكاردىنلا ئىزدەپ ئاۋارە بوپتىمەن.

5. ئاۋغۇست

بىز قومۇش باسقان، يىلانلار ئۇزۇپ يۈرىدىغان بىر دەريادىن ئۆتۈپ، شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، ئوردا خوزا دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنتكە كېلىپ توختىدۇق ۋە بىر دەرەخنىڭ سايىسىنى تېپىپ كەپتەرنىڭ ئۈنلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاچ ئارام ئالدۇق...

بىزدىن نېرىراقتا بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە مۇسۇلمان (ئۇيغۇر) دېھقانلار قاتتىق-قۇرۇق نانلىرىنى غاجىشىپ ئولتۇراتتى. تومۇزنىڭ ئاپتاپلىرىدا كۆيگەنمۇ ياكى ئەسلى رەڭگى شۇنداقمۇ ئالتىشەهەر تۈركلىرى (ئۇيغۇرلار) نىڭ چىرايى قارامتۇل بولۇپ، ئافغان ئىرقىدىكىلەرگە ئوخشايتتى. ئۇلار باشقا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا قارىغاندا ۋىجىكرەك كېلىدۇ، بۇرۇنلىرى تۈركلەرنىڭ ئىسپاهان قىلىچلىرىدەك ئىلمەك، كۆزلىرى چوڭقۇرراق، كالپۇكلىرى نېپىزرەك كېلىدۇ. خەنزۇلارنىڭ تەسىرى بۇ خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە قانداق يۇققان بولسا، چىرايىغىمۇ شۇنداق يۇققاندەك كۆرۈنەتتى. شەرق ئىسلام ئالىمىدە جاهانكەزدى، تەقۋادار، «هەق دىنىنىڭ ئۈچمەس چىرىقى»

دېگەندەك ھەيۋەتلىك نامى بار ئەمما، ۋاقتى كەلگەندە دىنىنىڭ ئەڭ كىچىك ئەمەللىرى توغرىسىدا نۇرغۇن يىل دەتالاش قىلىپ ئاغزى بېسىقمايدىغان ئۆلىمالارنى ئۆز مەدرىسلىرىدە تەربىيىلەپ چىققان مەنسۇرۇۋتەك (خوجا مۇھەممەد شېرىپ ـ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغان يالغان ئەۋلىيا) نائەھلىلەر ۋە بىر تالاي قازى، موللا دېگەندەكلەرنى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تېرىۋەتكەن، نەپسانىيەتچى سوپا-ئىشانلارنىڭ پاسىق ھەرەمخانىسى، پۈتكۈل گۇناھلارنىڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغان بۇخارادەك بىر يەرنى ئۆزلىرىگە مەركەز قىلىۋالغان. غەربىي تۈركىستانلىقلارغا قارىغاندا، ئالتە شەھەرلىكلەر قانداقتۇر بىر تەقۋادارمۇ ئەمەس ئىدى ھەم دىنىي ئەمەللەرگىمۇ ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى.

قەشقەرلىكلەرنىڭ ياخشى ئادەتلىرىنىڭ بىرى ئاياللارغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىلگەنلىكتۇر. ئاياللار ھەرقانداق يىغىلىشلارغا بىمالال قاتنىشالايدۇ، ھەتتا ئاياللارسىز يىغىلىش بولمايدۇ دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. بۇ يەردىكى تارانچىلار (ئىلى ئۇيغۇرلىرى) مۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلار تاماق يېگەندە چوكا ئىشلىتىدۇ، بىر پۆپۈكلۈك مانجۇچە مالخاي كىيىدۇ، خالاس. ئوردا خوزا ـ بۇ يۇرتتىكى مۇھىم بىر بازار. بۇ يەردە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇرمۇش ھالىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى گەۋدىلەنگەن دېيىشكە بولاتتى. بۇ بازاردا ئاشپۇزۇللارمۇ ئاز ئەمەس، ھەر خىل، ھەر ياڭزا كىيىنگەن چەنپەنلەر (ئىچكىرىدىن يۆتكەپ چىقىلغان سۈرگۈنلەر) قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. يوللاردا ھارۋىلارنىڭ مېڭىشىدىن پەيدا بولغان توپا-چاڭلار بېسىقمايدۇ. چېكەرمەنلەر ۋە بازارچىلار ئاشپۇزۇللارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىدۇ ياكى غولپىياز، مۇچ دېگەنلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەرنى يېيىشەتتى.

5ـ ئاۋغۇست

بىز كەچ سائەت 7دە غۇلجىغا يېتىپ كەلدۇق. غۇلجىدەك بۇنداق زېمىنغا ئادەم يۆتكەپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش، بىزنىڭ روسلىرىمىزنىڭ خىيالىغا ھەرگىز كىرىپ چىقمايتتى. ئەمما مانجۇلار جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي، بۇنداق مۇشكۈل ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى. بۇ يەرگە نۇرغۇن ئائىلە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولۇپ، بۇلار ئىلى تەۋەسىدە سەككىز شەھەر ۋە بىر قانچە ئون كەنت بىنا قىلغانىدى. . .

غەربىي يۇرتتىكى چېگرا قوغدىغۇچى قىسىملارنىڭ ھەممىسىدە شىبە ۋە سولون ئەسكەرلەر بار. سولونلار مانجۇ خانلىقى جۇڭغارىيىنى بېقىندۇرغان ئاشۇ يىللاردا شەرقىي شىمالدىكى ئۆلكىلەردىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. شىبەلەر بولسا كېيىنرەك يەنى قەشقەر تەرەپلەردىكى قوزغىلاڭلاردىن كېيىن ياردەمچى كۈچ سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىنگەن. شىبە ۋە سولون قىسىملىرى غۇلجىنىڭ شىمالىدىن تارتىپ ئىلى دەرياسىنى بويلىتىپ تاكى چېگرا پونكىتلىرىغىچە جايلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنى ئىلىدىكى بىر بىرىگادا گېنىرالى باشقۇرىدۇ. خوجۇرتاي دېگىنىمىز شىبەلەردىن قويۇلىدىغان پولك كوماندىرى دەرىجىلىك بىر ھەربىي ئەمەلنىڭ نامى. شىبەلەر بىلەن سولونلار سەككىز پولكقا بۆلۈنىدۇ، ھەر بىر پولكنى كۆك قۇببە مونچاقلىق قالپاق كىيىدىغان زەڭگىلەر باشقۇرىدۇ. سولونلار غۇلجىغا يېقىن جايدا تۇرىدۇ، شىبەلەر بولسا تاغ باغرىلىرىغا ماكانلاشقان. بۇ خەلق مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەتىۋارلىق جەڭچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇقىم ھەربىي ۋەزىپىسى بار. . . ئۇلارنىڭ قازاق ۋە موڭغۇللار بىلەن ئالاقىسى قويۇق بولغاچقا، روھىي ھالىتى كۆتۈرەڭگۈ ۋە جۇشقۇن. . .

بىزنى غۇلجىغا كونسۇل ئۆزى باشلاپ كەلدى. بىز سايرام كۆلى ئەتراپىدىكى تاغلاردا موڭغۇللارنىڭ قالماق، چاخار ۋە تۇرغاۋۇت قەبىلىلىرىنىڭ ياشايدىغانلىقىنى بىلدۇق. . . بىز بۇ بىر كۈندە 50 چاقىرىمچە يول ماڭغاندىن كېيىن يېرىم كېچىدە غۇلجىدىكى سودا بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق. چېگرا سودىسى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن 1852ـيىلى رۇسلار غۇلجا بىلەن چۆچەكتە سودا بازارلىرىنى قۇرغانىدى. شۇ چاغدا مانجۇلار بازار قىلىدىغان يەرنى ساربۇلاقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاشلاندۇق يەردىن كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

7ـ ئاۋغۇست

بىز ئىلگىرى جاڭجۈننىڭ دۇ لويى ئىسىملىك

uyghurkitap.com

ھەربىي ئەمەلدارى ئارقىلىق ئەۋەتكەن سوۋغا-سالاملە-
رىنى قوبۇل قىلغانىدۇق. بۇ قېتىم بىزنىڭمۇ ئۇلارغا
جاۋابەن سوۋغا-سالام بېرىشىمىزگە توغرا كەلدى. بۇ
ئىشقا مەسئۇل بولغان مانجۇ ئەمەلدار سوۋغا-سالاملى-
رىمىزنى دەرھال قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي
توختاپ قالدى ۋە جاڭجۈندىن قايتا ئىجازەت ئېلىپ
كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن بىزگە جاڭجۈن بىلەن
مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ سوۋغا-سالاملارنى قوبۇل قى-
لىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى، رۇسلار بىلەن مانجۇ خان-
لىقىنىڭ دوست ئەللەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتى.
دۇ لويى بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ ئىككى قولىنى
پېشانىسىگە ئاپىرىپ جۈپلەپ بىزگە تازىم بىجا كەل-
تۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئەمەلىيەتتە
كۆرسەتكەندەك قىلدى.

8-ئاۋغۇست

بىز تۆت تامنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، قىلىدىغان
بىرەر ئىشىمىز بولمىغاچقا تازا زېرىكتۇق. بۈگۈن
چۈشلۈك تاماقتا كونسۇل بىزنىڭ بېيجىڭدا ئوقۇپ
بىلىم ئالغان كىشىلىرىمىز توغرىسىدا گەپ ئېچىپ
قالدى. بېيجىڭدىكى رۇس ئەلچىلىرى بىلەن 18 يىل
بىللە بولغان كامىنىسكىي دېگەن كىشى چېچىنى چۈ-
شۈرۈپ راھىپ بولغانىكەن. كامىنىسكىي بېيجىڭغا
قاراپ يولغا چىققان كۈندىن باشلاپ كۈندىلىك خاتىرە
يېزىپ ماڭىدىكەن، ئۇ يازغان خاتىرىلىرىنى كىچىك
بىر قاپقا سېلىپ ساقلايدىكەن. . . ئۇ يەنە بوش ۋا-
قىتلاردىن پايدىلىنىپ خەنزۇلارنىڭ يىن-ياڭ (مۇس-
بەت ۋە مەنفى) دەپ ئاتىلىدىغان دۇنياغا تونجى بولۇپ
يارالغان ئەر-ئايال ھەققىدىكى تۇنجى دىنىي دىرامىسى
ھەققىدە ئىزدەنگەنىكەن. ئۇ دىرامىدىكى «يىن ناخشا
ئېيتسا، ياڭ ئۇسسۇلغا چۈشەر، يىن - ياڭلار خوشال
جەم بولۇپ، چەكسىز ھوزۇر ھالاۋەت سۈرەر» دېگەن
نەزمىلەرنى تەرجىمە قىلغانىكەن. يەنە بىر ئالىم ئىيا-
كىنىف ئەپەندى بولسا ئامىروسىينىڭ نىكاھسىز ئايا-
لىدىن تۇغۇلغان بالىسى. ئىياكىنىف 26 يېشىدا ئار-
خىماندىرت بولغان. ئۇ تۇرمۇشتا شاللاقراق بولغاچقا،
دادىسى ئامىروسىيە ئۇنى چەتئەلدە تۇرسا تۈزۈلۈپ
قالار، دەپ ئويلاپ، بېيجىڭغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇ شۇنىڭ
بىلەن نام-مەرتىۋىدىن ئايرىلىپ، بېيجىڭدىكى ۋولو-

كولامىسكى مۇناستىرىدا 5 يىل تۇرغاندىن كېيىن،
بارون‌شىلىڭنىڭ ياردىمىدە مۇناستىردىن بوشاپ،
كىياختاغا قايتىپ كېلىپ، دىنىي تونىنى تاشلىۋې-
تىپ، ئاددىي پۇقراغا ئايلىنىپتۇ. ئىياكىنىف بېي-
جىڭدا خەنزۇچىنى پىششىق ئۆگەنگەن ۋە ئەسەرلىرىدە
كەلتۈرگەن پاكىتلار چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي
سۆھبەتلىرىدىن ئېلىنغان. . .

9-ئاۋغۇست

كالىنوۋىسكىي (1856-يىلى غۇلجىدىكى رۇس
كونسۇلىنىڭ كاتىپى بولغان كىشى) «ئاقسۇغا بارغى-
نىمدا بىر خەنزۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئوقۇ-
دۇم» دېگەنىدى. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە «يۈەن سۇلالىسى
تارىخلىرىدا موڭغۇللار قىپچاقلارنىڭ يۇرتلىرىنى بوي-
سۇندۇرغان، دېيىلگەن، ئۇنداقتا يۈەن سۇلالىسىنىڭ
بويسۇندۇرغان يۇرتلىرىنىڭ بىرى جەنۇبتىكى يەتتە
شەھەرنىڭ بىرى بولغان ئاقسۇ شەھىرى ئىكەنلىكىدە
گۇمان يوق» دەپ يېزىلغان. بۈگۈن چۈشلۈك تامىقى-
مىزدا بېلىق يېدۇق. ئىلى دەرياسىنىڭ بىز تەرەپتى-
كى بۆلىكىدە بۇ خىل بېلىق ئۇچرىمايتتى. بېلىقچى-
لارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقى-
مىدا بۇنداق بېلىقلارنى تاپقىلى بولىدىكەن.

ئەمدى يېمەك-ئىچمەك ئەھۋالى توغرىسىدا توخ-
تىلىپ ئۆتەيلى: بۇ يەردە گۆش ئەرزان بولۇپ، كالا
گۆشىنىڭ بىر قادىقى تۆت تىيىن كۈمۈش، قوي
گۆشىنىڭ بىر قادىقى بەش تىيىن كۈمۈش پۇلغا سې-
تىلىدۇ. بىز گۆشنى خۇيزۇلاردىن سېتىۋالدۇق.
بىز تەرەپلەردە گوللاندىيە توخۇسى دېيىلىدىغان توخۇ-
لارنى بۇ يەردە خەنزۇ توخۇسى دەيدىكەن. بۇ توخۇ
ئادەتتە 10 قاداق كېلىدىكەن. تۇمشۇقىنىڭ ئۈستىدە
يەنە بىر كىچىك قىزىل قاڭشىرى بار بېيجىڭ غازلى-
رىنىڭ گۆشى تەمسىز ھەم قاتتىق كېلىدۇ. ئۆردەك-
لىرى بىزنىڭ ئۆردەكلىرىمىزدىن ئانچە پەرقلەنمەي-
دۇ. مېۋە - چېۋىلەردىن بۇ يەردە شاپتۇلنىڭ ئۈچ
خىل سورتى بار. بىر خىلى ئالمىدەك چوڭ بولىدىغان
تۈكلۈك شاپتۇل، ئىككىنچى خىلى قىزغۇچ پارقىراق
ھەم كىچىك كېلىدۇ. ئۈچىنچى خىلى ياپىلاق شاپتۇل
بولۇپ، بەكمۇ يېيىشلىك. بۇنداق تاتلىق شاپتۇل
ھەتتا بېيجىڭدىمۇ ئۆسمەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە يوغان

توكلۇك شاپتۇل دېگىنىمىز باشقا شاپتۇللارنى ئۇلاش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن سورت بولۇپ، تەمى كېيىنكى ئىككى خىلدەك تاتلىق ئەمەس. نەشپۈتلىرى ناھايىتى ياخشى. بەرگە ئامۇت دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئامۇت تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەمى بىزنىڭ نەشپۈتلىرىمىزنىڭكىگە يەتمەيدۇ. غۇلجىدا ئالما كۆپ بولسىمۇ، بىراق تەمىنى بەك ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. نەشپۈتلىرى بەك تەملىك بولۇپ، فرانسىيىنىڭ نەشپۈتلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئانار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئالۇچىلار باغلاردا ياكى داللاردا ئىيۇل ئايلىرىنىڭ كىرىشى بىلەن پىشىپ بولىدۇ. ئۈزۈمنىڭ سورتلىرى بەك كۆپ. ئاق سايىۋا، مۇناقى ئۈزۈم، ئاچچىق - چۈچۈك پىشىدىغان قارا ئۈزۈم يەنە ھەر خىل ئۈزۈملەر بار. ئۈششاق بولىدىغان قارا ئۈزۈملەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە يەنە سېرىق قوغۇن بىلەن قەشقەرنىڭ پۇراقلىق قوغۇنلىرىمۇ بار. يەنە كۆك قوغۇن، قىشلىق ئاق قوغۇن دېگەن سورتلارمۇ بار. قىشلىق قوغۇنلارنى كېلەر يىلنىڭ مارت ئايلىرىغىچە ساقلىسىمۇ بۇزۇلمايدۇ ھەم بۇنداق قوغۇنلارنى باشقا جايلارغا يۆتكىسىمۇ ھېچنەرسە بولمايدۇ. تاۋۇزلىرى سەل ساغۇچ رەڭدە بولۇپ ئانچە تەمى يوق. ئەسلىدە قىپقىزىل چىقىدىغان تاۋۇزلارغا بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى خىل كەلمىگەچكە، سارغىيىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. تەرخەمەكلىرى ئۇزۇن - ئۇزۇن بولۇپ چۈشىدۇ. بىراق ئۇنى تۇزلاپ خام سەي قىلغاندا، رەڭگى ساغۇچ كۆرۈنىدۇ. يۆگىمەچ ئوتتەك يامىشىپ ئۆسىدىغان كارتوپنىڭ تۈپى يوغان بولىدۇ. بادانا تەمى كارتوپقا ئوخشىغىنى بىلەن خېلى تەملىك.

10- ئاۋغۇست

بۈگۈن رۇس سودىگەرلىرى بىلەن سودا ئالاقىسى بار بىر خەنزۇ سودىگەر بىزنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ رۇسچىنى ئاز - تولا بىلسىمۇ خەنزۇلاردەك ئاھاڭنى دىماقتىن چىقىرىپ سۆزلەيتتى ھەم بىزنىڭ گەپلىرىمىزنى خاتىرىلەپ ماڭاتتى. بۇ خەنزۇغا بىزنىڭ ئېچىپ ياپقىلى بولىدىغان كىچىك بىر ئەينىكىمىز يېڭىلىق تۇيۇلدى بولغاي ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئالدى. كەينىگە سىنچىلاپ قاراپ ماختىدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگەر بۇ ئەينەكنى ياقتۇرۇپ قالغان بولساڭ ئېلىپ كەت، دېگەنىدىم، ئۇ تەكەللۇپ قىلغاندەك قىلىپ ماڭا، كۆڭلىڭىز تۈز ئادەمكەنسىز، دېگەندەك ياغلىما سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئادەت بويىچە كۆكسى-قارنىڭىز كەڭ، چىقىشقاق ئادەمكەنسىز، دەپ جاۋاب قايتۇردۇم.

11- ئاۋغۇست

بۈگۈن ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى رەسمىي باشلىنىدىغان كۈن. مانجۇلار بىز ئۈچۈن خىلمۇ خىل تائاملارنى تەييارلىدى. ئاشپەزلەر تاماقنى كۆز ئالدىمىزدىلا تەييارلاپ بىزگە ئۆز ھۈنەرلىرىنى كۆز-كۆز قىلىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خوجايىنلىرىدىن ئىنئام ئالاتتى. بۇ تائاملارغا نېمىلەرنىڭ قوشۇلغانلىقىنى بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئېسىل تامىقى بولغان چوشقا گۆشى، كاراكاتسىيا دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دېڭىز مەھسۇلاتى ۋە ئۆمۈچۈككە ئوخشاپ قالىدىغان قۇرۇتلارمۇ قورۇلغانىدى. يەنە سامسا، ئۆردەك گۆشى دېگەنلەرمۇ تۇراتتى. بۇ تائاملارغا پىياز بىلەن لازىنىڭ ئارىلاشمىسىنى قۇيغان بولغاچقا، پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. مېنىڭ مىجەزىم تازا ياخشى بولمىغاچقا بۇ تائاملارنى ئاغزىمغا بىر تالمۇ سالمىدىم.

15- ئاۋغۇست

مۇشۇ كۈنلەردە چىشىم ئاغرىپ قاتتىق قىينىلىپ كەتتىم. ئاخىرى ئامالى بولۇپ قالار دەپ خەنزۇ تېۋىپلارغا كۆرۈنۈپ باقتىم. ئۇلار ماڭا دورا دۇكىنىدىن ئاق پاراشوكقا ئوخشايدىغان دورا بىلەن بىر خىل پۇراقلىق ئوت - چۆپنىڭ يوپۇرماق-يىلتىزلىرىنى ئەكىلىپ بېرىشتى. بىراق بۇ دورىلار چىشىمنىڭ ئاغرىقىنى توختىتالمىدى. ماڭا دۇنيادا چىش ئاغرىقىدىنمۇ يامان ئاغرىق يوقتەك بىلىنىپ كەتتى. دەردىمنى ئۆزەم بىلىمەن. تۈنۈگۈن بىز غۇلجا شەھىرىگە ئات بىلەن كىرىپ چىقتۇق. ئالدىمىزدا بىرەيلەن يول باشلاپ ماڭدى. ساربۇلاق جىلغىسىدىن چىقىشىمىزغىلا ئوڭ تەرىپىمىزدە ھەيۋەتلىك ماۋتىنشا ئىمارىتى، سول تەرىپىمىزدە قەبرىستانلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆلگەنلەر ئۈچۈن قەبرە قاتۇرۇشقا جاي تاللاشتا دۇنيادا خەنزۇلاردەك ئەستايىدىل ئىش قىلىدىغان خەلق بولمىسا كېرەك. پاكار - پاكار خەنزۇ قەبرىلىرى

uyghurkitap.com

بىزنىڭ سودا بازىرىمىز ئەتراپىدىمۇ، يوللاردىمۇ ئۇچراپ تۇراتتى، مۇسۇلمانلارمۇ ئايرىم قەبرىستانلىق بىنا قىلىپ، ئەتراپىنى تام بىلەن قورشاپ، ئىككى يەردىن دەرۋازا قويۇپتۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسىمۇ ئۆزگىچە: قەبرىگە قۇرئاندىن ئېلىنغان ئايەتلەر يېزىلغان، قەبرە بېشىغا ئاي سۈرەتلىك بەلگىلەر قادالغان بولۇپ، بەكمۇ ھەيۋەتلىك ھەم چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. قەبرىستانلىق قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان بولغاچقا، بىر باغچىغا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇڭا شەرق ئەللىرىدە كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ زىيارەت قىلىدىغان جايى قەبرىستانلىق بولۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەستەك قىلىدۇ.

بۇ يەرنىڭ بازىرى بىزنىڭ بازارلاردەك بىر كەڭ مەيدانغا بىنا قىلىنغان ئەمەس. بازارلار كوچىغا ئوخشايدۇ، كوچا بويىدىكى ئائىلىلەرنىڭ كەينىدە ھويلا - ئارام بار، ئالدى كوچىغا قارايدۇ، بۇ ھالەت بىز تەرەپتىكى ئائىلىلەرنىڭ تەتۈرسى دېسەكمۇ بولىدۇ. بازاردا ھەر خىل ئادەملەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇزۇن يەكتەك كىيىۋالغان دۆلەتمەن سودىگەرلەر، قاپقارا ساقاللىق، سەللە يۆگىۋالغان ئەنجانلىقلار (ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار)، قارا كۆز، ئىلمەك بۇرۇن، ئاق كۆينەكلىك قەشقەرلىقلەر ھەممىسى بار. بۇ بازاردا ئۇچىسىغا ئۇزۇن چاپان كىيىۋالغان بىر تارانچى (جەنۇبتىن يەر تېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئۇيغۇرلار) سېتىۋالغان تاۋۇزنى پىچىپ ھوزۇرلىنىپ يېمەكتە. ئۇنىڭ چىرايى نېگىرنىڭ چىرايىدەك قاپقارا، چىشلىرى مەرۋايىتتەك ئاپئاق ئىدى. قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان گازىر كۆز مانجۇلار، كۆزلىرى قىسماق، لىغىلداپ تۇرىدىغان نېپىز ئاق كۆينەك كىيىۋالغان كۆچمەن خەنزۇلار، بېلىنى چىڭ باغلىۋالغان، تېرىدىن تىكىلگەن تۇماق كىيگەن، پۇتىغا تېرە يۆگىۋالغان موڭغۇللار دېگەندەك ھەر خىل ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. قارىسىڭىز ھەممە ئادەم ئالدىراشتەك، بىرەر ئىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە چېپىپ يۈرگەندەك قىلىدۇ. يېپقا ئۆتكۈزۈپ كۆتۈرۈپ يۈرگەن يارماق پۇللارنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. يوللاردا كىشىلەر غاڭزىلاردا بىر نېمىلەرنى چېكىشىپ، كۈلۈشۈپ بىر - بىرىدىن ئەھۋال سوراشقاندەكمۇ قىلىشىدۇ... بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىز بازارچىلارنى ھەيران قالدۇرۇپ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. تەرەپ-تەرەپتىن «ئۇلۇس، ئولۇس» دەپ توۋلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. بەزىلەر تېخى يېنىمىزغا كېلىپ، ئۈستى-باشلىرىمىزنى سىلاپ بېقىشتى. تېخى مەن، بىر كۆچمەننىڭ كىيىملىرىمىزدىكى ئىزناك-بەلگىلىرىمىزنى كۆرۈپ ھەمرايىغا: قاراپ باقە، ئورۇس لويىنىڭ كىيىملىرىدىكى ياماقلار نېمە دېگەن كۆپ، دېگىنىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. بىز كوچىلاردا خانىم-قىزلار ئولتۇرغان مەپىلەرگە ئۇچرىدۇق. مەپىدىكى يۈزلىرىگە ئاپئاق ئۇپا سۈرۈپ، لەۋلىرىنى قىزارتىۋالغان نازىنىن خېنىملار بىزگە تىكىلىپ قاراپ، يۈزلىرىنى يەلپۈگۈچ بىلەن مەنىلىك يەلپۈپ قوياتتى. بەزىلىرى تۇيۇقسىز كاككۇكتەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى ھەتتا چېچىغا قىسىۋالغان گۈللىرىنىڭ چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي قالاتتى. بۇلار خانلىقتىكى «شەھەرنىڭ ئاپەتلىرى» دەپ نامى چىققان سەتەڭلەرنىڭ بىر خىلى بولۇشى مۇمكىن. بىز بىر دۇكانغا كىردۇق. دۇكاندار بىزنى ئوبدان قارشى ئېلىپ ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى. دۇكان ئىچى خېلى پاكىز ئىدى. تامغا بىر قانچە ئەينەك ۋە ئۇزۇن ساقاللىق بىر ئامبالنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. يەنە بىر تامدا ئەتراپى زىننەتلەنگەن، ھۆسنخەت چۈشۈرۈلگەن مانجۇ يېزىقىدىكى لەۋھە ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. يەنە بىر تەرەپكە قالپاق، چىلىم، ھېسابات دەپتىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېسىپ قويۇپتۇ. دۇكاندار بىزنى ناھايىتى چوڭ ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. كەينى-كەينىدىن تاماققا زورلاپ تۇردى، ھەتتا ھېلىقى «شەھەر ئاپەتلىرى» دەپ نام چىقارغان سەتەڭ خېنىملارنىمۇ چاقىرىپ كەلمەكچى بولدى. خەنزۇلار ئارىسىدا بۇنداق سەتەڭلەرسىز مېھماندارچىلىق بولمايدىكەن. بۇنداق سەتەڭلەر ئۈچ تارلىق غىجەكلىرىنى چېلىپ، سىزگە ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق روھىڭىزنى كۆتۈرۈپ، كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ، سىزنى ئۆزىگە رام قىلماقچى بولىدۇ. سىزنى تاماققا تەكلىپ قىلغان بولۇپ ئاپئاق قوللىرىنى بويىنىڭىزغا گىرەلەشتۈرۈپ سىزگە يالۋۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ گۈزەل رۇخ-

ـسارىغا قاراپ سىز ھەرگىز ياق دېيەلمەيسىز. ئۇلار
تېخى تاماق ئۈستىدە ئويۇن چىقىرىدۇ، ئويۇندا ئۇتتۇ-
لۇپ قالغانلار هاراق ئىچىدۇ. بۇنداق ئويۇنلار بىز
ئۈچۈن يېڭىلىق بولىسىمۇ، بىراق بىز ئۇلارنىڭ تەلە-
پىنى قوبۇل قىلمىدۇق. چۈنكى بىزنىڭ بازار ئايلى-
نىدىغان ئىشىمىز تېخى تۈگىمىگەنىدى. بىز تۇرالغۇ-
مىزغا قايتىش يولىدا ئاشپۇزۇللارنىمۇ ئايلىنىپ چىق-
تۇق. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى،
بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھاياتى خۇددى قەدىمكى رىمدىكى
سەرگەردان پۇقرالارغا ئوخشاش دالىدا ۋە يوللاردا
ئۆتىدىكەن. ئۇلار كۈن بويى بازارلاردا لاغايلاپ يۈرۈ-
دىكەن. بىر يارماققا ئىگە بولسا، قورسىقىنى بې-
قىپ، نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە تۈنەيدىكەن. ئەگەردە
بۇنداق ئەرزانچىلىق بولمىغاندا، بۇ ئەلدىكى نامرات
- يېتىملەر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ تۈگىگەن بولاتتى. ئا-
دەممۇ شۇنچە كۆپ، شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك ئىشلەمچى، ئەپسۇس، بۇنداق كۆپ ئادەمگە
نەدە ئىش. شۇنچە ئىشلەمچى بىكار يۈرگەن، بۇ يەردە
ئەمگەكنىڭ ھېچ قىممىتى يوق. بىز تەرەپلەردە 300
سومغا سالدۇرغىلى بولىدىغان ئۆيلەرنى بۇ يەردە 100
سومغا سالدۇرغىلى بولىدۇ. بىز تەرەپلەردە سىزنىڭ
بىر قاچىڭىز سۇنۇپ كەتسە تاشلىۋېتىسىز، ئەمما بۇ
يەردىكى كىشىلەر ئۇنى قايتا قادىتىپ ئىشلىتىدۇ.
مەن ئۈستى-ئۈستىلەپ قاداق سالدۇرۇپ چاپلاپ ئىش-
لەتكەن بىر قاچىنى كۆردۇم. بۇنى قاداپ چىقىش
ئۈچۈنمۇ بىر قانچە كۈن ۋاقىت ئىسراپ بولاتتى.
بىزلەر بۇنداق ئىدىشنى بىكارغا بەرسىمۇ ئالمايمىز
ھەم چاپلاتقىلىمۇ ئاپىرىپ بەرمەيمىز، چۈنكى بۇنداق
قاچىنىڭ باھاسىمۇ 20 تىيىندىن ئاشمايدۇ. ياز پەس-
لى يېتىپ كېلىشى بىلەن كۆچمەن خەنزۇلار تېرىق-
چىلىق ئىشلىرىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇلار يالاڭ ئاياغ،
يالاڭ باش بولۇۋېلىپ ئىشلەپ، خالىغان يەردە يې-
تىپ-قوپۇپ يۈرىدۇ. بىراق قىش پەسلى ئۇلار ئۈ-
چۈن بىر دوزاق. چۈنكى بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئىچكى
جۇڭگونىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، قىشتا قار، سوغۇق،
شىۋىرغان ھۆكۈم سۈرىدۇ. قىشنىڭ قەھرىتان سو-
غۇقلىرىدا نۇرغۇن كۆچمەنلەر توڭلاپ قار ئاستىدا
قالىدۇ. ئەتىياز كېلىشى بىلەن نۇرغۇن جەسەتلەر

ئىلى دەرياسىغا تاشلىۋېتىلىدۇ ياكى چېرىكلەر تەرىپى-
دىن تېپىلغان جايغا كۆمۈۋېتىلىدۇ. خەنزۇ قەبرىلى-
رىنىڭ مۇقىم بىر يەردە بولماي، ئۇ يەر بۇ يەرلەردە
كۆزگە چېلىقىشىدىكى سەۋەب مانا مۇشۇ.

18-ئاۋغۇست

يېقىندا ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەت ئۆتكۈ-
زۈلدى. جۇڭگولۇقلار ئات قويۇشقا ناھايىتى ئۇستا
خەلق. «ماندارىن» دېگەن سۆز بىزگە پورتۇگالىيە-
لىكلەر ئارقىلىق كىرگەن. ئەمما بۇ سۆزنىڭ خەنزۇ-
لارنىڭ قايسى سۆزىدىن ئېلىنغانلىقى بىزگە نامەلۇم.
مانجۇ خانلىقىدا ئاھالىلەر مىن، چىن دېگەن ئىككى
گۇرۇھقا ئايرىلغان، «مىن» دېگەن ئاددىي پۇقرالارنى
كۆرسىتىدۇ، «چىن» دېگەن پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلى-
رى دېگەندەك بىر مەنىگە ئىگە.

ئىلى شەھىرى يەنى مۇسۇلمانلار غۇلجا دەپ ئا-
تايدىغان بۇ شەھەر ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىي شە-
ھىرى ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭ يەنى ئىلى، تار-
باغاتاي ۋە يەتتە شەھەرلەرمۇ غۇلجىغا قارايدۇ. ئۆلكە-
دىكى باش گوبېرناتور ۋە بارلىق ھەربىي قىسىملار-
نىڭ باش قوماندانى جاڭجۈن دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ يېنى-
دىكى مۇئاۋىنى ۋە مەسلىھەتچىسى مەسلىھەتچى ئامبال
دېيىلىدۇ. تارباغاتايدىمۇ بىر گوبېرناتور (ئۇكۇر-
داي) قويۇلغان. ئىلىدا مانجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بىللە
يەرلىك ھاكىمبەگلەرمۇ بار. كونا غۇلجا دەپ ئاتىلى-
دىغان مۇسۇلمانلار شەھىرىنى ھاكىمبەگلەر باشقۇرى-
دۇ. ئالتە شەھەردىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئۆز
ھاكىمبەگلىرى بار. ئۇلارنىڭ بىرسىگە ۋاڭلىق نامى
بېرىلگەن. ئۇ ھاكىمبەگ ئەينى چاغدا مانجۇلارنىڭ
جاھانگىر خوجىنى يوقىتىشىغا تۆھپە قوشقان ئىسھاق
دېگەن كىشىنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. تۇرغاۋۇت موڭغۇل-
لىرىنى مانجۇ ئەمەلدارلىرى باشقۇرىدۇ، ئەمما ئۇلار-
نىڭ ئارىسىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان
ۋاڭ ئوتتۇغاتنى ئالغان قەبىلە باشلىقلىرى ۋە مۇستە-
قىل ئەل سوراش ھوقۇقىغا ئىگە قەبىلە باشلىقلىرىمۇ
بار. ئىلى ئاھالىلىرىدىن ئەسلى بىر بولغان يەرلىك
مۇسۇلمانلار، قەشقەرلىكلەر، تارانچىلار، خەنزۇلار
ۋە مانجۇ ئەمەلدارلىرى شەھەرلەردە تۇرىدۇ. شىبەلەر
بىلەن سولۇنلار ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. چاخار موڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غۇللىرىدىن ئايرىلىپ چىققان قالماقلار سايرام كۆلى
ئەتراپىدا، ئويراتلاردىن ئايرىلىپ چىققان قەبىلىلەر
بولسا تېكەس ئەتراپىدا ياشايدۇ. غۇلجىغا مۇسۇلمانلار
(ئۇيغۇرلار) ئاشۇ جۇڭغارلار دەۋرىدە ئاشلىق تېرىت-
قۇزۇش ئۈچۈن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولۇپ، ئۇلار
ئەڭ دەسلەپ كونا غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.
شىبە ۋە سولۇنلار مانجۇرىيىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر
بولۇپ، سولۇنلار داغۇرلار بىلەن مانجۇلارنىڭ ئارى-
سىدىن چىققان بىر خەلق. شىبەلەر بولسا مانجۇلار
بىلەن سولۇنلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان خەلق. بۇ
خەلقلەر مانجۇ خانلىقى بۇ يۇرتلارنى ئەل قىلغان چاغ-
لاردا كۆچۈپ چىققان.

تارانچىلار ئالتە شەھەر تەرەپتىن كۆچۈرۈپ كې-
لىنگەن دېھقانلار، ئۇلار يەر تېرىپ ئەسكەرلەرنى
ئاشلىق بىلەن بېقىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان،
ھۆكۈمەت ئۇلارنى ساپان، بوقۇسا، ئۆكۈز قاتارلىق
دېھقانچىلىق لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ،
ئۇلارنىڭ ھالى تولىمۇ خاراب. قالماقلار ھەربىيلەر
ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلار بولۇپ، چېگرىدا قاراۋۇلخانى-
دىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىرىنى باقىدۇ، ئىلىدىكى
خەنزۇلارنىڭ بىر قىسمى سودا-سېتىق ئۈچۈن كەلگەن
تىجارەتچىلەر، بىر قىسمى ۋاقىتلىق تۇرىدىغان ھۆ-
نەرۋەنلەر، يەنە بىر قىسمى بىراقلا كۆچۈپ كەلگەن
ئائىلىلەر ھېسابلىنىدۇ. بىراقلا كۆچۈپ كەلگەنلەر
چەنپەنلەر دېيىلىدۇ، ئۇلار كەنتلەردە ئولتۇراقلى-
شىپ، كانلاردا ئىشلەيدۇ ياكى ھەر خىل ئىشلارنى
قىلىش ئۈچۈن شەھەرلەردە ياشايدۇ. ئۇلار جاندىن
تويغان بىر توپ سەرگەردانلار بولۇپ، دائىم جىدەل-
ماجىرا چىقىرىپ تۇرىدۇ. ئۆتكەن يىل قىشتا غۇلجىدا
چەنپەنلەر توپلىشىپ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغاندا،
مانجۇلار بىلىپ قېلىپ، ئەسكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ،
مىڭدىن ئوشۇق چەنپەننى قىرىپ تاشلاپتۇ. بۇ قىر-
غىنچىلىقتا ئۇلارنىڭ يېرىمى دارغا ئېسىلىپتۇ، بىر
قىسمىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈپتۇ، يەنە بىر قىسمى
جەنۇبقا قاراپ قېچىپ قازاق دالىسى بىلەن چېگرىلى-
نىدىغان قالقان تېغىغا قېچىپ بېرىۋاپتۇ. ئۇلار ھا-
زىرمۇ شۇ يەردە مۆكۈپ يۈرگىدەكمىش. بۇ ئەلدە يەنە
خۇي-خۇي دەيدىغان بىر مۇسۇلمان خەلق بار، ئۇلار
بۇنىڭدىن 300 يىل بۇرۇن خەنزۇ ئېلىگە كىرگەن
تۈركلەرنىڭ ئەۋلادى، ئۇلار ھازىر ئۆز مىللىي ئالا-
ھىدىلىكلىرىنى يوقاتقان بولۇپ، خەنزۇچە كىيىنىپ
خەنزۇچە سۆزلىشىدۇ، بىراق ئۆز ئالدىغا مەسچىت
سېلىپ، ناماز ئوقۇپ، دىنىي ئەھكاملار بويىچە ئىش
قىلىدۇ، مەسچىتلىرىنى بۇتخانا شەكلىدە سالىدۇ ھەم
مەسچىتنىڭ ۋۇۋىسكىسىنى خەنزۇچە يېزىقتا يازىدۇ،
ئۇلارنىڭ ئاخۇن دەپ ئاتىلىدىغان ئۆز مولللىرى
بار، ئۇلار خۇدانى ئاللاھ دېمەي فۇيا دەيدۇ، مۇھەم-
مەت ئەلەيھىسسالامنى مەيمەيتى دەپ ئاتايدۇ. جۇڭگو
تارىخىدا خۇيخۇ، خۇيخۇر، خۇيخۇي دېگەن ناملار
بىلەن ئاتىلىپ، كېيىن ئالتەشەھەرنىڭ ئاساسلىق ئا-
ھالىسى بولۇپ شەكىللەنگەن بىر خەلق بار، شەرق
مەنبەلىرىدە بۇ خەلقنى ئۇيغۇر دەپ ئاتايدۇ، ھازىرقى
ئالتەشەھەر خەلقىنى مانجۇلار چەنتۇ دەپ ئاتايدۇ، بۇ
سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى بېشىغا سەللە يۆگىۋالغانلار
دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىرىنىڭ
ئۇيغۇر دىئالېكتىدا (كىلاپروت دېگەن كىشى ئۇيغۇر
دىئالېكتى دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان) سۆزلىشىدۇ.
بۇ تىل تۈركىي تىلنى ئاساس قىلغىنى بىلەن يەنە
مەلۇم جەھەتتىن ئوخشاشمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا موڭ-
غۇلچە سۆزلەر كۆپ، تىبەتچە سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس،
بۇ تىلنىڭ گىرامماتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرى ۋە گەپ
قىلغاندا مەلۇم بولىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىمۇ نۇرغۇن.
ئالاتاۋ قىرغىزلىرىنىڭ تىلى مۇشۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ
بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار چىڭگىزخان ياشىغان دەۋرلەردىلا ئىس-
لام دىنىغا كىرىپ بولغان ھەم ئۆزلىرىنىڭ يېزىق
مەدەنىيىتىنى ساقلاپ كەلگەن مىللەت. ئۇلار مەدەنى-
يەتلىك مىللەت بولغاچقا، موڭغۇللار ئۇلارنى كاتىپ-
لىق ۋە باشقا ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئالاھىدە ئورۇنغا
قويۇپ پايدىلانغان. مەن بۇ يەردە قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان قەدىمكى
موڭغۇل يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى قانچە ئىزدەپ باق-
قان بولساممۇ تاپالمىدىم. مانجۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن
بىللە ياشاپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نامىنى ئۇيغۇر دەپ
ئاتىماي «مۇسۇلمان» دەپلا ئاتايدۇ، ئەمما باشقا بىر
قىسىم مىللەتلەرنى ئۆز مىللىي نامىدا ئاتايدۇ. ماد-

جۇلار ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنجانلىقلار دەپ ئاتايدۇ. ئوسمان تۈركلىرىنى خۇنكار، رۇسلارنى ئۇلۇس، موڭغۇللارنى تويزى، قازاقلارنى خاساق، ئالاتاۋ قىرغىزلىرىنى بۇرۇت دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتايدۇ ۋە قىرغىزلارنى بەدەۋىيلەر دەپ قاراپ ھېچقانداق ئېتىبار بەرمەيدۇ.

20-ئاۋغۇست

بىر ئىشتىن تولىمۇ ھەيران قالدۇق. بۈگۈن چۈشلۈك تامىقىمىزغا قارا توخۇنىڭ گۆشىنى ئەكەلگەنىكەن، قارىساق توخۇنىڭ گۆشىمۇ، شورپىسىمۇ ھەتتا سۆڭەكلىرىمۇ قارا چىقىپتۇ. ئىۋان ئەلچى (كونسۇل) بىزگە قارا توخۇنىڭ گۆشىنىڭ قارا، قاتتىق ھەم تەمسىز بولىدىغانلىقىنى دېدى. خەنزۇلاردا ئۆي قۇشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، يۇڭداپ بولغاندىن كېيىن ساتىدىغان ئادەت بار.

21 - ئاۋغۇست

خەنزۇلار ئېلىنى شەرقتە چىن دەپ ئاتايدۇ. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 221 - يىلدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلغىچە بۇ ئەلدە چىن سۇلالىسى دېگەن بىر فېئوداللىق پادىشاھلىق قۇرۇلغان. بۇ سۇلالىنىڭ قۇرغۇچىسى چىن شىخۇاڭ دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئوغلى تەختكە چىققاندا ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىپ، چىن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغان. خەنزۇلار ئۆز ئېلىدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرىنى قەبىلە ناملىرى ۋە خاقانلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتىغىنىغا ئوخشاش، ئۆزلىرىنىڭ نامىنىمۇ سۇلالە ناملىرى بىلەن ئاتىۋالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى مانجۇلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «خەنزۇ» دەپ ئاتايدۇ. خەن دېگەن نام مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلدىن مىلادىيە25 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئىككىنچى قېتىملىق سۇلالە - خەن سۇلالىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن. بۇ سۇلالىنى خەن گاۋزۇ دەپ ئاتالغان ليۇ باڭ دېگەن كىشى قۇرغانىكەن. خەن - ساما يولى دېگەن سۆز. مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ جۇڭگو (دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەت، ئاسمان پادىشاھلىقى) دېگەن يەنە بىر نامى بار. بۇرۇنقى چىن سۇلالىسى يۇرت سوراشتا تەدبىرسىزلىك قىلغاچقا، تېزلا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ، تارىختا يامان ئاتاققا قالغان. بىراق چىن شىخۇاڭ پادىشاھلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قارالغاچقا، ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. ئادەتتە خەنزۇلار مانجۇلاردىن پەرقلەندۈرۈلۈپ مىن (پۇقرا) دەپ ئاتىلىدۇ. مانجۇلار تۇغ دەپ ئاتىلىدۇ. مانجۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قانچە تۇغلارغا بۆلۈنگەن.

قەدىمكى زامانلاردىلا يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا خەنزۇلارغا تونۇشلۇق بولۇپ كەلگەن بۇ يۇرتنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىرى بولغان، بىر قانچە شەھەر دۆلەتلىرى قۇرۇلغان. بۇ خەلقلەرنىڭ كىم بولىدىغانلىقى ھەم قايسى تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقى نامەلۇم، كېيىنكى زامانلاردا بۇ يەردىكى خەلقلەر تۈركىستاننى مەركەز قىلغان سوغدىيانا دۆلىتىگە تەۋە بولغان. خەنزۇلار بۇ يەردىكى بىر قەدىمىي شەھەرنى بېشى بالى دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ئىسمىدىكى «بالى» دېگىنى «بەل، داۋان» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا «بېشى بالى» دېگەنلىك «بەش بەل، بەش داۋان» دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەن قاراشلارمۇ بار. ئالتەشەھەر دېگەن ئىسىمنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خەنزۇ مەنبەلىرىدىن بىر نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى تۇجۆ (تۈرك)، جوجان، ياۋچى دېگەنلەر زادى قانداق خەلقلەر؟ بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە قارا خىتايلار كىدانلارنىڭ ئەۋلادى، ئالتۇن خانلار (چىن سۇلالىسى كىشىلىرى، بۇرفېلار) بولسا يۆجىلارنىڭ ئەۋلادى دېيىلىدۇ. ئىۋان ئەلچى بۇلارنى گېتلار، ماساگېتلار دەپ قارايدۇ. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى خەنزۇ مەنبەلىرىدە بىر خىل قەۋملەر تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ قەۋملەر نوغايلارغا ئىشلەپ بېرىدىغانلار ئىدى، دېيىلگەن. بۇ توغرىلىق تەپسىلىيرەك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىياكىنىف بىچۈرىن ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار» ناملىق كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

22-ئاۋغۇست

بۇ يۇرتتىكى نانلار بىزنىڭ نانلىرىمىزدىن ئاقىراق كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ يەردىكىلەر بۇغداينى نەمدەپ بولغاندىن كېيىن ئۇن تارتىدۇ. ئەمما بۇنداق ئۇندا يېقىلغان نانلار ئاسان قۇرۇپ قېلىپ قېتىپ كېتىدۇ. بۇ يەردىكى خەنزۇ تۈگمەنلىرىگە ئات، قې-

www.uyghurkitap.com

چىرلار قوشۇلىدۇ. بەزىدە سۇ تۈگمەنلىرىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ، ئەمما بىزلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ يەرنىڭ خامانلىرىمۇ باشقىچە، بۇ يەردىكىلەر خاماندا بۇغدايي يۇمشىتىش ئۈچۈن ئۆكۈز ياكى ئات قوشۇلغان چوڭ تاشلارنى ماڭغۇزىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردە دېنىنى ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈن، بۇغداينىڭ باشاقلىرىنى ئايرىم قىرقىۋېلىپ، سامانلىرىنى كېيىن ئورۇپ يىغىۋېلىپ، ئۇنى ئۆي سالغاندا ئۆگزىگە سالىدىكەن ياكى بورا، قالپاق دېگەندەك نەرسىلەرنى توقۇيدىكەن.

جۇڭگو (مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى) ئۆزىنىڭ مۇقىم بولمىغان جەمئىيەت ئەھۋالى، مەجۇسىيلىك ئاساسىدىكى پەلسەپىسى ۋە يەككە-يىگانىلىقى جەھەتتىمۇ، ئاجىزلىقى ۋە مۇداپىئە جەھەتتىكى بوشاڭلىقى جەھەتتىمۇ قەدىمكى زاماندىكى ھالىدىن كېتىپ خاراب بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان رىم ئىمپېرىيىسىگە بارغانسېرى ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئەگەر سىز جۇڭگو تارىخىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ بىلىپ باقسىڭىز، بۇنداق ئوخشاشلىقنىڭ يەنە بارلىقىغا قاراپ ھەيران قالىسىز. تارىختا بەدەۋىيلەر خەنزۇلارغا كۆپ قېتىم تەھدىت سالغان. بىراق خەنزۇلارغا تاقابىل تۇرالماي ئاجىزلارغا خاس چارە-تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ياتلارغا قۇللۇق بىلدۈرۈپ، سوۋغا - سالام تارتۇق قىلىپ، ئۇلاردىن ئىنساپ تىلىگەن ھەم بۇ سوۋغا-سالاملارنى يات قەۋملەرنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ياردەملىرىنىڭ ئەجرى ھەققى دەپ قاراپ كەلگەن. خۇددى قەدىمكى رىم پادىشاھلىرى يات قەۋملەرگە كېنەز نامىنى بەرگىنىدەك، جۇڭگو پادىشاھلىرىمۇ ئەتراپىتىكى باشقا خەلقلەرگە ۋاڭ، گوڭ ناملىرىنى تارتۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئابروپپەرەسلىك ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ كەلمەكتە. يەنە كېلىپ بۇ پادىشاھلار سوۋغا - سالامغا قارىغاندىمۇ ئېغىرراق بىر خىل بەدەلنى تۆلەيدۇ. خۇددى تۈركىيە سۇلتانلىرىنىڭ ئۆز قىزلىرىنى ئۆزى يېتىلەپ ئاپىرىپ يات قەۋملەرگە سوۋغا قىلغىنىغا ئوخشاش، جۇڭگو پادىشاھلىرىمۇ ئۆز مەلىكىلىرىنى ئەتراپىتىكى يات مىللەتلەرگە ياتلىق قىلغان. جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ دۆلەتنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇقەررەز بولۇپ كەتمىگەنلىكىگە ھەيران قالماي تۇرالمايمىز. بۇ دۆلەتنى يات ئەللەر كۆپ قېتىم بېسىۋېلىپ، تالان - تاراج قىلىپ كەلگەن. ئەمما ھەر قېتىملىق قالايمىقانچىلىقتا پەقەت پادىشاھلا تەختتىن چۈشۈپ، جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ ئەل بىر دۆلەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ قېلىۋەرگەن. بۇ دۆلەتنى بېسىۋالغان يات خەلقلەر خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ، ئاخىرىدا خەنزۇلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەن. ئۇنداقتا شۇنچە مەدەنىيەتلىك دەپ ئاتالغان رىم ئىمپېرىيىسى نېمە ئۈچۈن سىرتتىن بېسىپ كىرگەن ياتلارنى (ياۋايى خەلقلەرنى) مەدەنىيەت جەھەتتىن بېقىندۇرالمىغان. رىم ئىمپېرىيىسى قەدىمدە مۇقەررەز بولدى. بۇتپەرەسلىكنى يىلتىزىدىن يوق قىلىۋەتكەن خىرىستىئانلار مۇقەررەز قىلىۋەتتى. رىملىقلار دىنسىزلار ئىدى. ئۇلارنىڭ يول باشلىغۇچىلىرى (پەيغەمبەرلىرى) مۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى دۇنيادىكى بۇ قۇدرەتلىك ئەلنى يات خەلقلەر ئەمەس، بەلكى خىرىستىئان دىنى مۇقەررەز قىلىۋەتتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. جۇڭگودا دىن ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندىكى نەرسە ئەمەس. ھەركىم خالىغان دىنغا كىرسە بولىۋېرىدۇ، شۇڭا سىرتتىن كىرگەن يات خەلقلەر خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلماسلىقتا، خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىشقا سەۋەب تاپالمايدۇ، يەنە كېلىپ خەنزۇلار ئۈستىدىن شىكايەت يۈرگۈزگەن يات خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ دىنغا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدىغان خەلقلەر ئىدى. رىم ئىمپېرىيىسىگە بېسىپ كىرگەن گېرمان قەبىلىلىرى بولسا خىرىستىئان دىنىنى يېڭىلا قوبۇل قىلغان بولغاچقا، دىني قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، دىنسىز ھەم خۇدانىڭ ئاسىيسى ھېسابلىنىدىغان رىملىقلارغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىكەن. شۇڭا خىرىستىئان ئەقىدىلىرىگە پۈتۈنلەي يات بولغان رىمدىكى مەجۇسىيلىك ۋە باشقا ئەقىدىلەرنىڭ پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ كېتىشى مۇقەررەر ئىدى. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گۇمران بولۇشىغا گېرمانلار سەۋەبچى بولغان بولسا، كېيىن كىرىست بايرىقى ئاستىدا جەم بولۇپ گۈللەنگەن گېرمانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە يەنە ئۆزلىرى ئاساسىي رول ئوينىدى. ئەگەر تارىختا خەنزۇلارنى مۇسۇلمانلار ياكى خىرىستىئان دىنىدىكى خەلقلەر بويسۇندۇرغان بولسا، جۇڭگو

بەلكى مۇنقەرز بولۇپ كەتكەن بولاتتى، ئۇ چاغدا جۇڭگودا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى پۈتۈنلەي يوقالغان بولاتتى ياكى باشقىچە بىر ئېتىقاد بايرىقى ئاستىدا خەنزۇلار قايتا يېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ تەرەققىي قىلار ئىدى.

23- ئاۋغۇست

بۈگۈن ئۈچىنچى قېتىملىق سۆھبەتنى ئېلىپ باردۇق. چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. بىز بىلەن سۆھبەتلىشىشكە كەلگەن بەزى ئامباللار مۈگدەپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. بىز تەرەپنىڭ كونسۇلدا بېيجىڭدا سىزىلغان مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ خەرىتىسى بار ئىدى. بۇ ناھايىتى توغرا سىزىلغان بىر خەرىتە بولۇپ، خەرىتىدىكى چوڭ دەريالار قارا كۆك رەڭدە، كىچىك دەريالار يېشىل رەڭدە سىزىلغانىدى. تاغلارمۇ ئەگرى-بۈگرى بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنىدى. جۇڭگودىكى ئىككى مۇھىم دەريا ئاتالغان چاڭجياڭ ۋە خۇاڭخې دەريالىرىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەنىدى. كونسۇلدا يەنە شىنجاڭنىڭ يەنى جۇڭغارىيە، تارباغاتاي ۋە ئالتەشەھەرلەرنىڭ ئاتلىسىمۇ بار ئىدى. خەرىتىدە جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرىسى بالقاش كۆلى بىلەن ئىسسىق كۆلگىچە ئۇلاشتۇرۇپ سىزىلغان ھەم بالقاش كۆلى تۆمۈرتۇنور، ئىسسىق كۆل تۇز كۆل، دەپ ئاتالغان. دېيۇس ئەپەندى جۇڭگو خەرىتىلىرى توغرىسىدا توختىلىپ «جۇڭگو خەرىتىسى دەل سىزىلغان خەرىتە. ئەنگلىيە باشقۇرۇشىدىكى ھىندىستاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ خەرىتىلىرى ئارىسىدىن جۇڭگو خەرىتىلىرىدەك توغرا سىزىلغان خەرىتە يوق دېيەرلىك» دېگەنىدى.

بۇ يۇرتتىكى بۇددا دىنىنىڭ خۇتۇختا (لاما دىنىدىكى بىر دىنىي ئەمەل دەرىجىسى) دەرىجىلىك روھانىيسى خامبا دەپ ئاتىلىدۇ ۋە غۇلجىدىن 15 چاقىرىم نېرىدىكى بىر جايدا تۇرىدۇ. موڭغۇلىيە بىلەن تىبەتتە بۇددا دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ سانىغا قاراپ قويۇلغان 72دەك خۇتۇختا بار، ئۇلار دۇنياغا قايتا تۆرەلگەن مۇخلىسلار دەپ قارىلىدۇ. خۇتۇختا - يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇلار بۇددانىڭ ھوزۇرىغا ئەڭ يېقىن كىشىلەر دېيىلىدۇ، خۇتۇختا بولغانلار نوم ئوقۇش ئۈچۈن تىبەتكە بارسا دالاي لاما ئۇلارنى ئالاھىدە كۈتۈۋالىدۇ.

25- ئاۋغۇست

تۈنۈگۈن مەن غۇلجا شەھىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەلدىم. بۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ ھاۋاسى دىمىق بولغاچقا ئادەمنىڭ نەپسىنى قىساتتى. شىنجاڭدا ئەڭ دەسلەپ يەنە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا زادى قانداق مىللەتلەرنىڭ ياشىغانلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، ئۈرۈمچى، پىچان، خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا پادىشاھلىرى بار بولغان شەھەر دۆلەتلىرى ئىدى. خەنزۇ مەنبەلىرىدە بايان قىلىنىشىچە، بۇ پادىشاھلىقلارنىڭ ئاھالىلىرى بۇددا ئەقىدىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان ھەم بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىچكىرىدىن نۇرغۇنلىغان راھىبلار خوتەنگە كېلىپ بۇددا ئىلمى بىلەن پەلسەپىسىنى ئۆگىنىپ قايتقان. بەزى ئالىملار بۇ شەھەر دۆلەتلىرىنى ھىندى نەسلىدىكى ئاھالىلەر بەرپا قىلغان ھەم خوتەن دېگەن سۆز سانسكرىتچە قوستانا (يەر كىندىكى) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، دەپ قارايدۇ. بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىغا ئانچە ئىشەنگۈم كەلمىدى، شۇنداقتىمۇ بۇ پىكىرلەرنىڭ خېلى جېنى باردەك قىلىدۇ. ئۆز ئارا قوشنا بولغانلىقى ئۈچۈن تىبەتلەرنىڭ تۇران تەرەپلەرگە ئۆتۈپ بۇددا دىنىنى تارقىتىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ چىراي-شەكلى ھىندى، پارسلارغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىق تاجىكلارغا ئوخشايدۇ. تاجىكلار ئۆزلىرىنى ھازىر ياشاپ كېلىۋاتقان جايلاردا قەدىمكى زامانلاردىلا يەنى تۈركلەر كېلىشتىن بۇرۇنلا ياشاپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ. قارامتۇل، چوڭقۇر كۆز، قاڭشارلىق، ۋىجىكرەك كەلگەن ئالتەشەھەرلىكلەر تۈرك ۋە موڭغۇل ئىرقىدىكىلەرگە ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر 11- ئەسىرلەردە شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىگە ئايلىنىپ بولغان ئۇيغۇرلارنى موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە دېيىشىدۇ. ئەينى چاغدا ماۋەرائۇننەھرگە كەلگەن موڭغۇللار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ موڭغۇل ئىرقىغا خاس چىراي - شەكىللىرى ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئە-

گەر ئۇيغۇرلارنى موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە دېسەك، ئۇ هالدا ئۇلار ئاسانلا ئۆزگىرىپ هازىرقىدەك باشقىچە بىر ئىرقتىكى مىللەتكە ئۆزگىرىپ قالاتتىمۇ؟ ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى، پۈتكۈل ئالتەشەھەر خەلقى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدۇ (تاجىكلاردىن باشقا). شۇڭا «بۇ مەسىلىلەرنىڭ تېگىگە يېتىش ناھايىتى تەس» دېگەن گەپ. «گۇچچۇرۇ-داچچۇرۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇددا دىنى قامۇسى بولۇپ، ئۇ 520 جىلدتىن تۈزۈلگەن. قامۇستىكى ئېلىپبەلىك مۇندەرىجىمۇ 20 جىلد كېلىدۇ. بۇنداق كىتابلار ھەرقانداق بىر لاما ئىبادەتخانىلىرىدا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەگەر موڭغۇللار يايلاق ئالمىشىپ كۆچۈشكە توغرا كەلسە، پەقەت مۇشۇ قامۇسنى يۆتكەش ئۈچۈنمۇ 52 تۆگىگە ئارتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ قامۇس كىتاب بارلىق دىنىي ئەھكاملار، ئەقىدىلەر، پەلسەپە، تارىخ، تىل بىلىملىرىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان، يەنە ئۇنىڭدا سانسكرىتچە لۇغەتمۇ بار دېيىلىدۇ. مانجۇ پادىشاھى بۇ قامۇسنىڭ چىرايلىق تۈپلەنگەن بىر نۇسخىسىنى روسىيە ۋەكىللىرىگە سوۋغا قىلغانمىش. قالغان بىر قىسمى ھازىر روسىيىگە ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى مۇمكىن.

30-ئاۋغۇست

تۈنۈگۈن بىز خېلى داغدۇغىلىق بىر مەرىكە ئۆتكۈزۈپ كونسۇلىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەدۇق. بۇ مەرىكىمىز زېرىكىشلىك تۇرمۇشىمىزغا خۇشاللىق ئەكىلىپ ھەممەيلەننى شاتلاندۇردى. مەرەكىدە خەنزۇلارنىڭ پوجاڭزىلىرىنى ئاتتۇق ۋە باشقا قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئوينىدۇق.

3-سېنتەبىر

بۈگۈن مانجۇلار ۋە خەنزۇلار ئۈچۈنمۇ بىرەر خۇشاللىق كۈن بولغاندەك قىلاتتى. سېپىل ئىچىدىن چىققان بۇرغا ئاۋازى بىلەن توپ-زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلەشلىرى كېچىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. پوجاڭزىلار ئېتىلىپ قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتتى. قوشنىلۇن ئىسىملىك بىر سودىگەر ئاغىنەم ماڭا ياخشىلىق بەلگىسى سېلىپ پىشۇرۇلغان ئاي توقاچتىن ئەكىلىپ بەردى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى كۆزدە تۇتۇپ تەمىنى تېتىپ باقاي دەپ، بىر تالنى ئاغزىمغا ئېلىۋدىم، چوشقا يېغىنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ چىقىپ تۇرغاچقا سەسكىنىپ كەتتىم.

4 - سېنتەبىر

بۈگۈن مانجۇلار دەريا بويىدا ھەربىي مەشق ئېلىپ باردى. قولدايلار ئۆزلىرىنىڭ چېكىملىكلىرىنى چەككەچ چېدىرلاردا كۆزەتمەكتە، ئەسكەرلەر ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ئوقلىرى پەقەت زايا بولماي نىشانغا تەگمەكتە، ئۇلار ئوقيا ئېتىشقا كارامەت ئۇستا ئىدى. ئەمما توپ ئېتىشقا ناباپراق ئىدى. قولداي دېگىنىمىز شتاب ئوفىتسېرى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆز موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، پەقەت تەتقىقاتچىلارلا بىلىدىكەن. بۇ يەن سۆلالىسىدا ئىشلىتىلگەن سۆز بولۇپ، رۇس شەجەرىلىرىدىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. ئىلىدىكى مانجۇ ئەمەلدارلىرى خىزمەت نامى ياكى نام ئاتىقى بىلەن ئاتىلىدۇ. گېنېرالنى ئامبال ياكى دارىن دەيدۇ، ئامبال دېگىنى مانجۇچە، دارىن دېگىنى خەنزۇچە بولۇپ، ھەر ئىككىسى چوڭ ئادەم دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى رۇسلارنىڭ ۋېلموژا (ئۇلۇغ) دېگەن سۆزى بىلەن مەنىداش. يەنە چوڭراق ئوفىتسېرلار لويې دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر خىل ئەمەلدارلارنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئىسمىنىڭ بىرىنچى ھەرپى (فامىلىسى) دىن كېيىن، بۇ ناملىرىنى قوشۇپ ئاتايدۇ. مەسىلەن: تۇ دارىن، كا دارىن، سا قولداي، كا قولداي، بۇ قولداي دېگەندەك.

بۇ ئەلدە رۇسلاردىكى «ئۇرا» دېگەن ئالقىش سۆزىنى خۇەندۇ (欢度) دەيدۇ ياكى «ۋەنسۈي» (تۈمەن مىڭ يىل ياشىغايلا) دەپمۇ ئاتايدۇ. جۇڭگودا نۇرغۇن نەرسىلەر كەم بولسىمۇ، بىراق بىزنىڭ ئۆگىنىۋېلىشىمىزغا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بار. جۇڭگولۇقلار ئەمگەكچان، ئۆزىنى پەس كۆرمەيدىغان، راستچىل بولۇشتەك كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كەم بولسا بولمايدىغان مىجەزگە ئىگە. جۇڭگودا بىرەر سۇلالە ئالماشسا، كېيىنكى سۇلالە كىشىلىرى جەم بولۇپ ئالدىنقى سۇلالىنىڭ تارىخىنى يازىدۇ، يازغاندىمۇ پاكىتقا ھۆرمەت قىلىپ يازىدۇ. سوت ئىشلىرىنى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۆزى ئېلىپ بارىدۇ. جۇڭگودا گۇناھكار دەپ قارالغانلار ئىقرار قىلمىغۇچە

سوت قىلىش ئاخىرلاشمايدۇ.

6 - سېنتەبىر

بۈگۈن باغلارنى ئارىلاپ سەيلە قىلدۇق. غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىلى دەرياسى بويىدىكى بىر شەھەر ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە مەلۇم. بىراق بۇ شەھەرنىڭ ساربۇلاق دەرياسىنىڭ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان جايىغا جايلاشقانلىقىنى بىلمەيدىغانلار بولۇشى مۇمكىن. شەھەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى ئوخشاشلا تۆت چاقىرىم كېلىدۇ. شەھەرنىڭ يېرىمى دېگىدەك زېمىنى قۇم تۇپراق، قىيالىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. روسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بىر ماتېرىيالىدا، بىر تاتارنىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، غۇلجىنىڭ ئۆيلىرى بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان تاملار بىلەن قورشالغان ياغاچ ئۆيلەر، دېيىلگەن بولسىمۇ، بۇ شەھەردە ياغاچ ئۆيلەر يوق ھەم بىر قىسىم بامبۇك كەپىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياغاچ ئۆيلەر توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. غۇلجىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى قومۇش ياكى سامانلار بىلەن يېپىلىپ، ئۈستى لاي بىلەن سۇۋاپ ئىشلىنىدۇ. پەقەت چوڭراق ئىبادەتخانا ئىمارەتلىرىنىڭ ئۈستىلا كاھىش بىلەن يېپىلىدۇ.

غۇلجىدا 70 مىڭچە ئادەم بار دېيىلىدۇ. شەھەر سىرتىدىكىلەر بۇنىڭغا كىرمەيدۇ. شۇڭا غۇلجىدىكى قەبرىلەرنىڭ سانى ئۆينىڭ سانىدىن كۆپ بولسا كۆپكى ھەرگىز ئاز ئەمەس. شەھەردە 8000چە ئەسكەر بار.

8-سېنتەبىر

خەنزۇلار بىزگە نەرسە - كېرەكلەرنى ساتماقچى بولسا ماختاپ كۆپتۈرۈپ، ھەتتا بۇ پادىشاھىمىز ياقتۇرىدىغان نەرسە، دەپ ساتىدۇ. ئۇلار بىزنى ھېچ ئىش ئۇقمايدىغان بەدەۋىلەر دەپ قارىغاچقا، بىزنى پادىشاھقا ئىخلاس قىلمايدىغانلار، دەپ كەمسىتىدۇ. ئۇلار بىر چىنە ساتماقچى بولسىمۇ، بىزگە بۇنى ئاپىرىپ رۇس پادىشاھىغا سوۋغا قىلغايسىلەر، دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

10-سېنتەبىر

بىز بۈگۈن كۆڭۈل ئېچىپ كېلەيلى دەپ شەھەر سىرتىدىكى باغلارنى چۆگىلەپ كەلدۇق. غۇلجا شەھىرىنىڭ پەيزىنى ئىلى دەريا بويىدا ئەمەس، بەلكى ساربۇلاق دەرياسىنىڭ بويىدا سۈرگىلى بولىدۇ.

12-سېنتەبىر

بۈگۈن سودىگەر ئاغىنىمىز فۇ چەنلۇن بىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

13-سېنتەبىر

بۈگۈن سودا بازىرىمىزدىكى ھەممە ئادەملىرىمىزنى بىللە ئېلىپ ئىلى دەرياسى بويىغا باردۇق. چۈنكى بىز بۇ يەردە ماللىرىمىزنى يەرمەنكە قىلىپ ساتاتتۇق. بىز دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ساپ مۇھىتتىن ياخشى ھاۋالىنىپ كەلدۇق. يەرمەنكىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى قاتتىق بوران چىقىپ، ھاۋا سوۋۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ كۈز پەسلى يېتىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ يەرنىڭ ياز پەسلى ئىسسىق بولغىنى بىلەن قىش پەسلىدە بىز تەرەپتىكىدەك قاتتىق سوغۇق بولمايدۇ. قاتتىق سوغۇق بولغاندىمۇ نۆلدىن تۆۋەن 15 گرادۇستىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

15-سېنتەبىر

بۈرۈن بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار جۇڭگونىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ياۋروپا ئەللىرىنى ئۈلگە قىلىپ تەشكىللەنگەن، ئۇلاردىمۇ تەپتىش ئورۇنلىرى بار، سوت ئورۇنلىرىمۇ ئاجايىپ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەمما بۇ قاراشلارغا قارىغاندا، سېنكوۋسكىي ئەپەندىنىڭ جۇڭگولۇقلارمۇ پارسلار ۋە تۈركلەرگە ئوخشاشلا ئاسىيالىقلار، شۇڭا ئۇلاردا تەپتىش، سوت ئورگانلىرى بار دېيىلگەندىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدىلا بولۇشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس، دېگەن قارىشى خېلى ئاقىلانە قاراشتەك قىلىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچىمۇ جۇڭگونىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئۇسۇلى باشقا ئاسىيا ئەللىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇ يۇرتتىكى جاڭجۇنمۇ بىزنىڭ قەدىمكى زاكۇن تايىقى تۇتقان پادىشاھلىرىمىزدىن قېلىشمايدۇ. جاڭجۇننىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكلىرىنى پۈتۈنلەي خەلق كۆتۈرىدۇ. قاسساپلار ئۇنىڭغا گۆش ئەكىلىپ بېرىدۇ، تىككۈچىلەر كىيىم تىكىدۇ، ئۇستىلار ئۆي سېلىپ بېرىدۇ، باج-سېلىق، خىيانەتچىلىك ئەدەپ كەتكەن. پارىخورلۇقتا بۇ ئامباللار ئىران شاھىدىن ئېشىپ چۈشكەن. مەن ئامباللارنىڭ دەۋانى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

ئۆز كۆزۈم بىلەنمۇ كۆرۈپ باقتىم. بىر قېتىم مېنىڭ ئېتىم سۇغارغىلى ئاپارغان يەردىن قېچىپ كېتىپ، مانجۇلارنىڭ ئاتلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى. كېيىن ئات باشقىلارغا سېتىۋېتىلىپتۇ. ئەرز قىلغانىدۇق، ئامباللار ھېچ نەرسىنى بىلمەس بولۇۋېلىشتى، بۇ ئىشنى بىلىدىغان خەنزۇلار قورقۇپ ئاغزىنى ئاچقىلى ئۇنىمىدى، ئامباللار ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىدى. قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ-دە! مەن كاتتا ئابرويلۇق كىشىلەر مېھمانلارغا خىيانەت قىلمايدۇ، دەپمۇ باقتىم. مانجۇلارنىڭ يوقالغان نەرسىنى تامبالنىڭ ئىچىگە تىقىۋالساڭمۇ تاپقىلى بولىدۇ، دېگەن ماقالىنى، موڭغۇللارنىڭ بىر تۆگىنىڭ سۆيىدۇكىگە مىڭ تۆگە تېيىلىپ كېتىدۇ، دېگەنىدەك ماقاللىرىنى ئىشلىتىپمۇ باقتىم، بىراق بۇ گەپلەر كار قىلمىدى.

ھەر قانداق ئېسىل ئادەمنىڭمۇ ناچار ئىللەتلىرى بولغانغا ئوخشاش، جۇڭگولۇقلاردىمۇ بۇزۇقچىلىق ئىشلىرى قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن. شەھەرلەردە ئادەمنى يولدىن چىقىرىدىغان سەتەڭلەر مىغىلداپ يۈرۈشىدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، بېيجىڭغا يېقىن بىر كىچىك شەھەرنىڭ بازىرىغا شۇنداق سەتەڭدىن ھەر يىللىق يەرمەنكىدە 700 سەتەڭ يىغىلارمىش. خۇاڭخې دەرياسىنى بويلاپ ماڭغان ئادەمگە مەخسۇس سېلىنغان سەتەڭلەر سارىيىدىن 10 چاقىرىمدا بىرى ئۇچراپ تۇرارمىش.

29-سېنتەبىر

15-سېنتەبىردىن باشلاپ ھاۋا سوۋۇپ، غەربىي جەنۇبتىن توختىماي شامال چىقىپ، كۈز پەسلىنىڭ ئالامەتلىرى رەسمىي كۆرۈلۈشكە باشلىدى. كېچىسى چىققان قاتتىق بورانىنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى دەستىدىن تۈزۈك ئۇخلىيالمىدۇق. غۇلجا ئەتراپىدىكى تاغلارغا قار چۈشۈپ، بارلىق پىششىلىق قار ئاستىدا قالغانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە غۇلجىغا يېڭى كەلگەن كىشىلەر بەزىگەككە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇۋاتاتتى. مېنىڭمۇ شۇنداق بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغىنىمغا بىر ھەپتە بولغانىدى. بۇ جەرياندا بىز ئىلى ۋە سارىبۇلاق دەريالىرىنىڭ بويىغا بىر قېتىمدىن بېرىپ كەلگىنىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچ يەرگە بارمىدۇق. ئۇ يەرلەردە ياۋا ئۆردەكلەر بىلەن قىرغاۋۇل كۆپ بولسىمۇ، ئۇ يەردىكى ئوۋ ئوۋلىشىمىزنىڭ تايىنى بولمىدى. سارىبۇلاق دەرياسى قۇندۇزلارنىڭ ماكانى ئىكەن، مەن قۇندۇزلارنىڭ خۇددى چوشقا كۈچۈكلىرىنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان باشلىرىنى سۇدىن چىقىرىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم.

تۇنۇگۈن غۇلجىغا قىزاي قەبىلىسىدىكى قازاقلار كېلىپ سودا چېدىرلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۆز چېدىرلىرىنى تىكىشتى. بۇ كۈنلەردە ماۋەرا ئۇننەھىر ئەللىرىدىن سودا قىلغىلى كەلگەن سودىگەرلەر چېدىرلىرىنى تىككەنىدى. بۇلار سودا چېدىرلىرى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ چېدىرلارنىڭ ئىچىدىكى ماللارنىڭ خىلمۇ خىللىقى ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالچەكمەن قىلىپ، قەدىمكى گىرىتسىيىنىڭ سىرلىق خەزىنىرىلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. بۇ يەردىكى ئالتۇن پۇل ئېلىپ يۈرىدىغان سودىگەرلەر، مانجۇلار ئۈچۈن پايلاقچىلىق قىلىدىغانلار ھەم شۇ جەرياندا ئېپىنى تاپسا ئات ئوغرىلاپ كېتىدىغان كەسپىي ئوغرىلار، ئىشقىلىپ ھەر خىل، ھەر ياڭزا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. قىزايلار كىگىز دېگەندەك نەرسىلەرنى مۇشۇ بازاردا جۇڭگو ماللىرىغا ئالماشتۇراتتى. ئۇلار مانجۇ ھۆكۈمىتىگە ئولپان تاپشۇرىدىغان بولسا كېرەك، مانجۇلار قىزايلار ئەكەلگەن قويلار ئارىسىدىن ياخشىلىرىنى تاللاپ ئېلىۋالاتتى. مانجۇ خانلىقىغا بېقىندى بوپقالغان بۇ بىچارە قەۋملەر ھەر بىر ئۆتەڭدە بىر قوي سوۋغا بېرىپ كەلدۇق، دەپ چۇقۇرىشىپ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى.

8-ئۆكتەبىر

بىز ئۈزۈندىن بېرى ساقلاپ كېلىۋاتقان نەرسە - مەنچىڭ دۆلىتىنىڭ بىزگە تەييار قىلىپ بېرىدىغان ھۆججىتى ئاخىرى پۈتۈپ چىقتى. گەرچە بۇ ھۆججەت (كېلىشىم) 11 گەز كەلگەندەك قەغەزگە يېزىلىپ 23 يېرىگە تامغا بېسىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىزنى خۇشال قىلغۇدەك مەزمۇنلار يوق ئىدى. جۇڭگو قائىدىلىرى ياۋروپانىڭكىگە ئوخشىمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئىش بې-

جىرىش ئۇسۇللىرىمۇ باشقىچە ئىدى. بۇنداق ئوخشى-
ماسلىقلارنى دەل جايىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدى.

10- ئۆكتەبىر

بۈگۈن مالغا نەرسە-كېرەك ئالماشتۇرۇش ئۇ-
چۈن يەنە ئالبان قازاقلىرى كەلدى. ئۇلار 15 مالغا
بىر مالنى ئايرىپ ھۆكۈمەت تەرەپكە سېلىق ھېسابىدا
تاپشۇرغاندىن كېيىن، قالغان ماللارنى قەشقەر ماتالى-
رىغا تېگىشتى، ئاندىن بىز تەرەپكە كېلىپ بىزدىن
چاي ئالغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى.

12- ئۆكتەبىر

بۈگۈن ئىشىم ئوڭغا تارتىپ خېلى ئوبدان نەر-
سىلەرنى سېتىۋالدىم. بۇلار: يەكەندىن چىققان تاغ
قاشتېشى، خوتەن دەرياسىدىن چىقىدىغان قاشتېشى،
كېرىيە تەرەپلەردىن تېپىلىدىغان ئالتۇنغا ئوخشايدىغان
ئېسىل مەدەن، يەكەندىكى تادىر تاغلىرىدىن يەنى تى-
بەت يولىدىن چىققان ساپ گۈڭگۈرت پارچىسى، يە-
كەننىڭ جىگدە يىلىمى دېگەندەك ئەتىۋارلىق نەرسىلەر
ئىدى. قاشتېشى پەقەت ئالتەشەھەردىلا تېپىلىدۇ،
يەنە كېلىپ ئالتەشەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدىن چىقى-
ۋەرمەيدۇ ھەم بۇ نەرسە جۇڭگودا ناھايىتى قىممەتلىك
نەرسە قاتارىدا ئەتىۋارلىنىدۇ. ھۆكۈمەت يۇرۇڭقاش
دەرياسىدىن شەخسلەرنىڭ قاشتېشى ئىزدىشىنى چەك-
لەيدۇ. دەريادىن تېپىلغان قاشتاشلىرىنى خەزىنىگە
ئېلىۋالىدۇ. بۇ ئىشقا ئامباللار نازارەتچىلىك قىلى-
دۇ. يەكەن شەھرىدىن 230 لى (576 مېتىر)
كېلىدىغان مىرجاي تېغىدا خىلمۇ خىل مەدەن تاشلار
چىقىدۇ. ئۇ يەردىكى ئادەملەر بۇ تاشلارنى پۈتۈن پېتى
قېزىۋېلىش ئۇسۇلىنى تېخى بىلمەيدۇ. خوتەندە قاش-
تېشى خوتەن دەرياسىدىن تېپىلىدۇ. كۇچادىن گۈڭ-
گۈرت، نۆشۈدۈر دېگەنلەر چىقىدۇ. كۇچادا يەنە سې-
لىترامۇ بار. 1786 - يىلىدىكى مانجۇ خانى چىقارغان
پەرمان بويىچە ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپاندىن تاغ گۈڭ-
گۈرتى يۆتكەلگەن. يەكەن تەرەپتىن ھەر يىلى مانجۇ
خان ئوردىسىغا نۇرغۇن مىقداردا قاشتېشى ئەۋەتىلگەن-
دىن سىرت يەنە 10 مىڭ گىنا (چىڭ سۇلالىسىنىڭ
ئۆلچەم بىرلىكى) قاشتېشى ئەۋەتىلىدۇ. يۇرۇڭقاش،
قاراقاش دەريالىرىدىن ئېلىنىپ ئوردىغا ئەۋەتىلگەن
قاشتاشلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن سانىنىمۇ ئالغىلى بول-
مايدۇ. شەخسلەرنىڭ مەدەن تاشلارنى ئېلىپ - سېتى-
شىغا يول قويۇلمايدۇ.

بىر خەنزۇ سەيياھنىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆر-
گەن- ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن بىر كىتابى بولۇپ، بۇ
كىتابنى ن. يا. بىچۇرىن ئەپەندى «جۇڭغارىيە ۋە تۇر-
كىستان» دېگەن نام بىلەن تەرجىمە قىلغان. بۇ كى-
تابنىڭ ئاپتورى سۆز ئىشلىتىشكە دېگەندەك ئۇستا
بولمىسىمۇ، بىراق ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ خۇي- پەيلى-
نى خېلى توغرا يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دې-
يىلگەن: «ئالتەشەھەرلىكلەر ئىلگىرىدىن تارتىپ گۇ-
مانخور خەلق بولۇپ، ھەممە گەپكە ئاسانلىقچە ئىشى-
نىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۆزلىرىمۇ يالغاننى قوشۇپ
سۆزلەشكە ئامراق. سەن ئۇلارغا يۇمشاقلىق قىلساڭ،
سېنى بىزدىن قورقتى دەپ قارايدۇ، قاتتىقلىق قىل-
ساڭ يۇۋاشلاپ تۆگىشىپ كېتىدۇ. بۇ خەلقنىڭ دۆ-
لەتمەنلىرى ئۆز ئىشلىرىغا پىششىق بولۇپ، قول ئاس-
تىدىكى بىچارە قېرىنداشلىرىنىڭ ھالى بىلەن كارى
بولمايدۇ. نامرات، ئاجىز بىچارىلەرنى بوزەك قىلى-
دۇ. يۇرت چوڭلىرى بىر - بىرى بىلەن چىقىشالماي-
دۇ. بىر - بىرىنى چەتكە قېقىپ، سېسىتىپ، ئەڭ
ئاخىرىدا يۇرتنى ئايىغى ئۈزۈلمەس تەپرىقىچىلىككە
دۇچار قىلىدۇ» . «ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ دۇنيا قا-
راشلىرى بەزىدە بۇددىستلارنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدۇ.
بۇددا ئىلمىدىمۇ ئەقىللىق كىشىلەر سېزىپ يېتەلەيدى-
غان ئەۋزەل قاراشلار بار ئىدى. بىراق ئالتەشەھەردى-
كى ئاخۇنلار شۇ قەدەر نادان بولۇپ، ئادەمنى سۆيۈن-
دۈرىدىغان ئىلغار قاراشلىق بىرەر ئۆلىمانى تاپماق
تەس. ئۇ يەردىكى ئاخۇنلارنىڭ كۆپچىلىكى خەنزۇلار-
نىڭ بىر قىسىم نەپسانىيەتچى بۇددىستلىرىدەك بوزەك
خەلقنى ئالداپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ئازغىنە تاپ-

قان-تەرگەنلىرىنى ئېلىۋېلىشنى كۆزلەپلا يۈرۈشىدۇ. بۇ يۇرتلاردا سوپا-ئىشان، دەرۋىشلەر بىلەن لامالار-نىڭ ئىناۋەت تېپىپ كېتىشى كىشىنى تولىمۇ ئېچىن-دۇرىدۇ».

«ئالتەشەھەرلىكلەر ئويۇن-تاماشىغا ئامراق كې-لىدۇ، ھاراق-شاراب ۋە ھاۋايى - ھەۋەسلەرگىملىقى تۇتقان پادىشاھلىرىمىزدىن قېلىشمايدۇ. لىسز يۈرۈش-مەيدۇ. ئاقسۆلۈقلار باغرى يۇمشاق، مۇلايىم خەلق. ئەمما ئۇلارمۇ باشقا ئالتەشەھەرلىكلەرگە ئوخشاش ئۆزئارا دەتالاشلارغا ھېرىسمەن كېلىدۇ. يەكەنلىكلەر ئەزەلدىن يۇۋاش-يۇمشاق ۋە مانجۇ ھۆكۈمىتىگە ئىتا-ئەتمەن خەلقتۇر. بىراق توي - تۆكۈن، ئويۇن - تاماشا دېسە يۇۋاشلىقىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ جېنىنى بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئايال خەقلىرى ناخشا-ئۇسسۇلغا ئۇستا ھەم شوخلۇقتا تەڭداشسىزدۇر. ئۇلا-رنىڭ دارۋازلىقىنى كۆرسىڭىز تېخىمۇ ھەيران قالى-سىز. يەكەنلىكلەر ھاۋايى-ھەۋىسى كۈچلۈك، بايلى-رى نامراتلىرىغا شەپقەت قىلمايدىغان بىر قەۋم. خو-تەنلىكلەر چىرايلىق، ئىنساپ - دىيانەتلىك، ئىشچان ۋە راستچىل خەلق. ئۇلار تىرىقچىلىق ۋە توقۇمىچى-لىق ئىشلىرىغا پىششىق كېلىدۇ. قەشقەردىكى ناخ-شىچى، ئۇسسۇلچى ئاياللارنى ساناپ تۈگەتكىلى بول-مايدۇ».

يۇقىرىقى كىتابتا يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، قەدىمدە شىمالدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ئوخشاپ قالىدىغانلىقى، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بۇ دالى-دىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسى كۈچلۈك كېلىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. بۇ تەرجىمە كى-تابىدا يەنە قەشقەرلىكلەر ھىيلە - مىكىرگە ئۇستا خەلق. خوتەنلىكلەر ناخشا - ئۇسسۇلغا ئامراق ھەم توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. خوتەنلىكلەرنىڭ قەدىمدە پىلە قۇرتى بېقىشنى قانداق ئۆگەنگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلەرمۇ بار دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. بۇ رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، خوتەن پادىشاھى باشقا بىر ئەل-نىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىپتىمىش، مەلىكە پادىشاھ-نىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۆز ئېلىدىن بىر تال پىلە قۇرتىنى چېچىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ ئالغاچ كەلگەن-مىش.

غەربىي يۇرتنىڭ قىزلىرى ئەزەلدىن ناخشا - ئۇسسۇلدا كامالەتكە يەتكەن بولغاچقا، ئۇلار قەدىمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پادىشاھلىرىغىمۇ ياراپ قالغان-كەن. ئۇيغۇرلارنى كېيىنكى زاماندىكى خەنزۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، ھەققىي چەۋەندازلار دېيىشكە بولى-دۇ. 757 - يىلى تاڭ سۇلالىسىدا ئەن لۇشەن ئىسيا-نىڭ بىر لەشكەر بېشى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى. شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ خانى مويۇنچۇر تاڭ پادىشاھىغا ياردەملىشىپ، قوشۇن تارتىپ بارغان. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوماندانى گو-زىيى بىلەن فېڭشياڭ دېگەن جايدا ئۇچراشقاندا، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە تېرىسىدىن ياسالغان بايرىقىغا تا-زىم قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. ئۇيغۇرلار بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشكە 4000 كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ، تاڭ شاھزادىسىگە ئىلتىپات كۆرسەتكەن. شۇ يىلى تو-پىلاڭچىلار تىنچىتىلغان. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلار ئۆز ئىتتىپاقدىشى بولغان تاڭ ئېلىنى بۇلاپ - تالىغان. تاڭ ئوردىسىنىڭ خەزىنىسىنى قۇرۇقداپ قويغان. تاڭ شاھزادىسى ئۇيغۇرلارنى توسۇۋالالمىغان، ئاھالى-لەر 10 مىڭ توپ شايى يىغىش قىلىپ، ئۇيغۇر ئەسكەرلەرگە تارتۇق قىلغان. 758 - يىلى تاڭ سۇلا-لىسى ئوردىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىسى ئەرەب ئەل-چىسى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالاشقان. ئىككى ئەلچى ئوردىغا كىرىشتىمۇ ئىككى ئىشىكتىن كىرگەن. ئۇي-غۇر ئەلچىسى ئۆز ئېلىگە قايتىدىغان چېغىدا تاڭ پادىشاھى ئۆز قىزى نىڭگو مەلىكىنى ئۇيغۇر خاقانىغا خوتۇنلۇققا بېرىپ ئەلچىگە قوشۇپ قويغان. پادىشاھ قىزىنى شيەنيەن دېگەن يەرگىچە ئۇزىتىپ قويغان. ئۇيغۇر خاقانى مەلىكە بىلەن بىللە كەلگەن يۇۋاڭ

(پادىشاھنىڭ تۇغقىنى) نى بېشىغا قالپاق، ئۇچىسىغا قىزىل تون كىيگەن ھالدا كىگىز ئۆيدە قوبۇل قىلغان. ئۇيغۇر خاقانى ئاسىيلارنى تازىلاش ئۈچۈن 3000 كىشىلىك قوشۇن چىقارغان. ئەمما بۇ قوشۇن يېڭىلىپ قالغان، خاقان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار خانىشنىمۇ بىللە تىرىك كۆممەكچى بولغان، ئەمما خانىش بىز خەنزۇلاردا بۇنداق ئادەت يوق، دەپ نالە قىلغان. ئۇيغۇر خاقانى ئىدىكەن دەۋرىدە ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسىگە يۇرۇش قىلىپ، تالان - تاراج قىلغان دېيىلىدۇ. ئىدىكەن خاقان «دۈشمەننى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن» دەپ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باش بولۇپ، ئۆزى جەڭگە چىققان. ئۇيغۇر خانلىقىدا تۇرۇۋاتقان يۇۋاڭنى قوغلىۋەتكەن. يۇۋاڭنىڭ ئىككى ئادىمىنى 100 كالتەكتىن ئۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي ئاستانىسىنى بېسىۋېلىپ، 10مىڭدىن ئوشۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. كىيىم - كېچەكسىز قالغان ئاھالە قەغەزلەرنى يېپىنچاقلىۋالغان.

قىرغىزلاردىن جۇڭگو تەرەپكە ئۆتكەنلىرى ئۇلارنىڭ كېرەي قەبىلىسى، ئۇلار ماناس شەھىرىگە يېقىن بولغان قۇبدو دېگەن يەرلەرگىچە بېرىپ كۆچمە چارۋىچىلىق قىلىدۇ ھەم ئۇلار تۇرغاۋۇتلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە باشقۇرۇلىدۇ. قازاق كېرەيلىرىنىڭ قەبىلە كېڭىشىگە قاتنىشىپ تۇرىدۇ.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، بۇ سودا چېدىرلىرىغا كەلگەن قەۋملەر ئۆزلىرى ئەكەلگەن نەرسىلەرنى 14- ئۆكتەبىرگىچە چايغا ئالماشتۇرۇپ بولۇشتى. ئۇلار 50 سوملۇق چايدىن 95تاختا چاينى تېگىشىۋالدى. قەشقەرلىكلەر يۇڭ يىپ دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆپرەك ئالدى. غۇلجا (كىچىك قۇم) بىلەن قۇم ئارىلىقىدا مانجۇ قوشۇنلىرى ۋە ئىككى تۇڭگان كەنتى جايلاشقان، داغۇرلار بىلەن سولۇنلارنىڭ تۆت كەنتى بار. شۇلار ئىلى دەرياسىنىڭ سول تەرىپىدىكى تۆت شەھەرگە ئورۇنلاشقان. قۇمنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تۆت شەھەرنىڭ يېرىمىدا شىبە، سولۇنلار بار. تارانچىلار تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ماكانلاشقان. ئۇلارنىڭ ئىككى تارمىقى ساربۇلاققا، ئۈچ تارمىقى ئاقسۇ، چوڭ - كىچىك قورغاسلار، چىج، توشقان، بارخانسۇ، يەركەنت دېگەن جايلارغا تارقىلىپ ماكانلاشقان.

ئۆسەك دەرياسى ئىككى تارماق ئېقىنغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى يەركەنتسۇ، يەنە بىرى تۇرگەنسۇ. ئۆسەك دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپى قۇمۇشلۇق ۋە دەل - دەرەخسىز جايلار بولۇپ، پەقەت چۆل ئۆسۈملۈكلىرىلا ئۆسىدۇ. بۇ يەرلەر قازاقلارنىڭ ئالبان قەبىلىسىنىڭ قىشلاقلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«چوقان ۋەلىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 1986 - يىلىدىكى قازاقچە نەشرىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: مەمتىمىن ئۆمەر

تەرجىمە تەھرىرى: ئابلىز ئورخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجى

ئادىل ئابدۇقادىر

(خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرجىمە بۆلۈمىدىن)

## 1. ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسىنى ئىزدىگەندە، شەرقشۇناسلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەم ئۇنىڭ كېيىنكى راۋاجىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرشۇناسلىق بىر يەككە تەتقىقات تېمىسى سۈپىتىدە ئەمەس، ئالدى بىلەن، شەرقشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەركىبى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن.

شەرقشۇناسلىق غەربىي ياۋروپادا 18 ـ ئەسىردە شەكىللەنگەن بولۇپ، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي غەرىزى ھەم ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئاسىيا دۆلەتلىرىگە، جۈملىدىن شەرق ئەللىرىگە كۆز تىكىشكە باشلىدى شۇنداقلا شەرق ئەللىرى بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىمە مۇناسىۋەتنى ئاكتىپ راۋاجلاندۇردى. غەربلىكلەر شەرق ئەللىرى بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرىنى چۈشىنىشكە مۇھتاج ئىدى. غەربىي ياۋروپادا بۇ خىل ئېھتىياجنى چىقىش قىلىپ شەرقشۇناسلىق بىر تەتقىقات تېمىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى.

غەربىي ياۋروپادا شەرقشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، شەرقشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەركىبى بولغان خەنزۇشۇناسلىق بارلىققا كەلدى ھەم خېلى راۋاجلاندى. بىر قىسىم خرىستىئان دىنى تارقاتقۇچىلار جۇڭگوغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى ھەم جۇڭگو مەدەنىيىتىنى غەربلىكلەرگە تونۇشتۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئانتونى گاۋبىل (1722 ـ 1759)، ئالېكساندىر ۋېيلى، ھېنرى ماسپېرو، ۋ. خارتىز قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ ئاسترونومىيە، دېڭىزچىلىق، بىئولوگىيە ئىلىملىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئۇنى غەربلىكلەرگە تونۇشتۇردى①. خەنزۇشۇناسلىقنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، خەنزۇ تىلى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر قاتار ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ، خەنزۇ تارىخنامىلىرىدىكى قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرگە دائىر يازمىلار ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدا بۆسۈش پەيدا قىلدى.

خەنزۇ تارىخىي مەنبەلىرىدە قەدىمكى ھۇنلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پاراكەندىچىلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، يوسۇنى، ئۇلار ياشاپ كەلگەن زېمىنلار ئۈستىدە بىر قەدەر سىستېمىلىق مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان بولۇپ، ياۋروپا خەنزۇشۇناسلىرىنىڭ بۇ مەنبەلەر بىلەن ئۇچرىشىشى، ئۇلارنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا بولغان بىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدا غەرب ئالىملىرى مەركىزىي ئاسىيانى تەتقىق قىلىشتا، دەسلەپ دېگۈدەك خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەرگە تايىنىشقا مەجبۇر بولغانىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىدە غەرب ئالىملىرىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدا فرانسۇز ئالىمى ژ. دېگىن تۇنجى بولۇپ خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسەن قەدىمكى تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات ئې-

لىپ بارغان كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ 1756 ـ 1758 ـ يىللىرى پارىژدا نەشر قىلىنغان ۋە كېيىنچە نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ھۇنلار، تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە غەربىي تاتارلارنىڭ ئەيسا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تارىخى» ناملىق 5 توملۇق ئەسىرى ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدىكى مەركىزىي ئاسىيا، جۈملىدىن مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمىي خەلقلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى زور ئەمگەك. ئالىم مەزكۇر ئەسىرىدە جۇڭگو مەنبەلىرىگە ئاساسەن مەركىزىي ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخى ئۈستىدە بىر قەدەر سىستېمىلىق توختالغان. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تارىخى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى توغرىسىدىمۇ ئۆزىگە خاس نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنداقلا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك تەركىبى، دۆلەتنى قۇرغۇچى ۋە ھاكىمىيەت سىستېمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلق ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدا تۇنجى قېتىم مەزكۇر ھاكىمىيەتنى قۇرغۇچى ۋە يادرولۇق ئاساس ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ژ. دېگىنىدىن كېيىن فرانسۇز خەنزۇشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان مەشھۇر ئالىم ئا. رېمۇسات (1788 ـ 1832)، ئۇنىڭ بىلەن زامانداش بولغان يەنە بىر فرانسىيىلىك شەرقشۇناس ھەم ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى يۇلىئۇس كىلاپروت (1783 ـ 1835) لار خەنزۇ تارىخنامىلىرىگە ئاساسەن مەركىزىي ئاسىيا ھەم شىنجاڭنىڭ تارىخى، شىنجاڭدىكى تىللار، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى، شۇنداقلا ياۋروپادىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ كېيىنكى راۋاجى ئۈچۈن ئاساس سالدى. فرانسۇز شەرقشۇناسلىرىدىن يەنە س. ژىيۇلىن (1799 ـ 1873)، ئە. شاۋان (1865 ـ 1918)، شاۋاننىڭ ئوقۇغۇچىسى مەشھۇر ئالىم پېللىئوت (1878 ـ 1945) لار ئىلگىرىكىلەر ئاچقان يولنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئالەمشۇمۇل تۆھپە ياراتتى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى تۈرك ھەم ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ چەت تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلۇشى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ باشقا ئەللەردە بارلىققا كېلىشى ھەم خەلقئارادا كۆلەملىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ياۋروپادىكى باشقا ئەللەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق ئۈستىدىكى تەتقىقاتى فرانسىيىدىن بىرقەدەر كېيىن بولۇپ، ئەنگلىيىلىك ج. دىڭگا (1815 ـ 1895)، ج. ئۆگايلى (1815 ـ 1887)، س. بېيلى (1825 ـ 1889) قاتارلىق ئالىملار بۇ جەھەتتە يېتەكچىلىك رول ئوينىدى.

بۇ ساھەدە يەنە رۇس تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ھەم ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى مەزمۇن ھەم كۆلەم جەھەتتىن فرانسىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. شەرقشۇناسلىق غەربىي ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن، ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاساسى غەربىي ياۋروپادا تۇرغۇزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرشۇناسلىق يەنىلا روسىيىدە چوڭقۇرلاشتى، روسىيە ئالىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى شەكىللەندۈردى.

1725 ـ يىلى پېتىر I پېتربورگدا پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇپ، رۇس ئالىملىرىنىڭ پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللىدى ھەم چەت ئەللەردىن ئالىملارنى تەكلىپ قىلدى، بۇ ئالىملار ئىچىدە شەرقشۇناسلارمۇ بولۇپ، بۇ روسىيىدە شەرقشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم راۋاجلىنىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. فرانسۇز شەرقشۇناسلىرىدىن يۇلىئۇس كىلاپروت، ژىيولىن، شاۋان، پېللىئوت قاتارلىقلار روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىقىغا تەكلىپ قىلىنىپ رۇس ئالىملىرى بىلەن بىرگە تەتقىقات ئېلىپ باردى، بۇ روسىيىدە ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم راۋاجلىنىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. روسىيە شەرقشۇناسلىرى ئىچىدە يا. بىچورىن (1777 ـ 1853) تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇرشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئالىم ھېسابلىنىدۇ، ئۇ تەتقىقات مېتودى جەھەتتە غەربىي ياۋروپا

uyghurkitap.com

ئالىملىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا، ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىزدەنگەن، ئۇ خەنزۇچە مەنبەلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 3 توملۇق «ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرگە ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» (1851) ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان. ئۇ خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن بولۇپ، شەرقشۇناسلىقتا تۇنجى بولۇپ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى، ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامان تارىخىغا ئائىت خەنزۇچە مەلۇماتلارنى توپلاپ، ئۇنى تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاش بىلەن شۇغۇللانغان كىشى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەمگەكلىرى كۆلەم ھەم تەتقىقات سۈپىتى جەھەتتىن غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەن، غەربىي ياۋروپا ھەم روسىيە ئالىملىرى شىنجاڭ ۋە مەركىزىي ئاسىيا مەسىلىلىرى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، بىچۇرىننىڭ بۇ ئەمگەكىگە مۇراجەت قىلىپ كەلگەن.

بۇندىن باشقا، رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئوينىغان رولى ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 1879 - يىلى روسىيىلىك رېيگىل تۇنجى بولۇپ تۇرپان ئويمانلىقىغا كەلگەن ھەم ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى توپلىغان، خارابىلەرنى تەكشۈرگەن، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن «تۇرپاننى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» نى ئېلان قىلغان. ئۇ قەدىمكى شەھەرلەرنى تونۇشتۇرۇپ «ئۇ يەردە خۇددى رىم شەھىرىگە ئوخشايدىغان خارابە ئىزلىرى بار» دەپ يازغان. 1893 - يىلى، 1897 - يىلى يەنە روسىيىلىك پاۋلوۋسكى، كوزلوف، كلېمېنتىز قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلەرىنى باشلاپ تۇرپان رايونىغا كېلىپ، مىڭئۆي تام رەسىملىرى، خەنزۇچە، سانسكرىتچە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇرغۇن قول يازما، ھۆججەت ھەم بۇددا نومىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. 1899 - يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن 12 - نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا، روسىيىلىك تۈركولوگ رادلوف تۇرپاندىن ئېلىپ كېلىنگەن بۇ يادىكارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ، يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىغان. يىغىندا يەنە ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيانى تەتقىق قىلىش روسىيە كومىتېتى دېگەن ئىلمىي ئورگان تەسىس قىلىنغان②.

18 - ئەسىردە غەربىي ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىنىڭ تەركىبى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇرشۇناسلىق يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئالىملارنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق خېلىلا راۋاجلاندى ھەم كۆلەملەشتى، 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە مەخسۇس تەتقىقات تېمىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ، ھەرقايسى ئەللەردە مەخسۇس ئۇيغۇرشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ، خەلقئارادا كۈچلۈك بىر ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات قوشۇنى شەكىللەندى.

2. ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ كېيىنكى راۋاجى

ئۇيغۇرشۇناسلىق بىر تەتقىقات تېمىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەندىن ھازىرغىچە ئاز كەم ئىككى ئەسىر بولدى. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرشۇناسلىق شەرقشۇناسلىقنىڭ بىر تەركىبى بولۇش دائىرىسىدىن ھالقىپ، دۇنيا تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىندى. خەلقئارا تەتقىقاتنىڭ كۆلەملىشىشى، راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ مەخسۇس تەتقىقات تېمىسىغا ئايلاندى. ئۇيغۇرشۇناسلىق مەخسۇس تەتقىقات تېمىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەندىن بۇيان، ئۇيغۇرلار ئېتنولوگىيىسى، ئېتىمولوگىيىسى، ئېتنوگرافىيىسىگە ئالاقىدار نۇرغۇن چىگىش مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. ھەرقايسى ئەللەردە ئۇيغۇرلار تارىخى، تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى، تەتقىقات تېمىلىرى ئومۇمىيلىقتىن مەخسۇسلىششقا، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندى. ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى تەتقىقات تەرەققىياتىنى ۋاقىت جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) 19 - ئەسىر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھەم ئېتنوگرافىيىسى قىزغىن تەتقىق قىلىنغان شۇنداقلا تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى بەلگىلەنگەن بىر ئەسىر بولۇپ قالدى. غەربىي ياۋروپا ئالىملىرى گەرچە ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئالاقىدار بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇي-

غۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە مۇكەممەل كۆز-
قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويمىغانىدى. 1812 - يىلى
روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەكلىپ قىلىنغان
فرانسىيىلىك ئالىم يۇلىئۇس كىلاپروت جۇڭگو مەن-
بەلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەنبەلەرنى ئۆگىنىش
ھەم تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ
تىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق «ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلق-
تۇر» دېگەن ھۆكۈمنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قوي-
دى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى چۇۋاش مىللىتىدىن بولغان
شەرقشۇناس ئالىم بىچۇرىن رەت قىلدى ھەم ئۇيغۇر-
لارنى ئېتنىك جەھەتتىن موڭغۇللاردىن كېلىپ چىق-
قان دەپ قارىدى، كېيىن روسىيىلىك شەرقشۇناس
ئالىم ئا. كازىمبېك (1802 ـ 1870) شىنجاڭ ۋە
ئۇيغۇرلار تارىخىنى خەنزۇچە، ئەرەبچە، پارسچە ۋە
تۈركىيچە مەنبەلەر ئاساسىدا تەتقىق قىلىپ، «ئۇي-
غۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات» (1841) ناملىق ئەسىرى-
دە ئۇيغۇرلار قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرى دې-
گەن خۇلاسىگە كەلدى. ئۇ «بىز بۇ قەبىلىنى (ئۇي-
غۇرلارنى) تەتقىق قىلىشتا، قولىمىزدا بار بارلىق
ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك، ئۇيغۇرلار
بىزگە نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەت-
تى، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ھەرقانداق بىر قىسمىنىڭ
ئوتتۇرىغا چىقىشى بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى
ئۈچۈن يېڭى سەھىپە ئاچىدۇ» دەپ قارىدى③. ئۇنىڭ
بۇ پىكرىنى مەشھۇر تارىخشۇناس ۋ. ۋاسىلىيېف قۇۋ-
ۋەتلىدى ھەمدە جۇڭگو مەنبەلىرىدە
ئۇچرايدىغان ‹خۇيخې›، ‹خۇيگۇ› ئاتالغۇسى بىلەن
تۈركىي تىلدىكى ئۇيغۇرلار ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى
ئوخشاش، ‹خۇيخې› ئاتالغۇسى ‹ئۇيغۇر› ئاتالغۇسى-
نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ئەمەس، بەلكى تۈركىي
تىلدىكى ئەسلى مەنىسىنىڭ يەنى (بىرلەشمەك) مەنى-
سىنىڭ تەرجىمىسىدۇر» دەپ خۇلاسە چىقاردى. ئا.
كازىمبېك بىلەن ۋاسىلىيېفنىڭ بۇ قارىشىنى رادلوف
ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر توغ-
رىسىدا» (1893) ناملىق ئەسىرىدە تېخىمۇ تولۇقلاپ
«ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر جۈملىسى-
دىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمدىن بېرى يىراق
غەربكە تارقالغان تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە يۇقىرى
ئورۇنغا ئىگە، ناھايىتى كەڭ تارقالغان تۈركىي خەلق-
تۇر» دەپ كېسىپ ھۆكۈم قىلدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇرلار ۋە شىن-
جاڭ تارىخىغا ئائىت تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشى
ۋە قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس قوشۇن شەكىللە-
نىشكە باشلىدى، شۇنداقلا ئۇيغۇر تارىخىغا ئالاقىدار
تەتقىقات تېمىلىرى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ باردى.

روسىيە شەرقشۇناسلىقىدا ۋ. ۋ. گىرىگورىيېف
(1816 ـ 1881) قەدىمكى يۇنان، رىم، جۇڭگو
شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب، پارس ھەمدە تۈركىي
مەنبەلىرى بويىچە شىنجاڭنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرى-
دىن باشلاپ 19 - ئەسىرگىچە بولغان تارىخىنى ئو-
مۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق يورۇتۇپ بەردى. ئۇنىڭ
«شەرقىي تۈركىستان» ياكى «جۇڭگو تۈركىستانى»
(1873) ناملىق ئەسىرى بۇ جەھەتتىكى نوپۇزلۇق ئە-
سەر ھېسابلىنىدۇ، گىرىگورىيېف ئەرەب، پارس مەن-
بەلىرى بويىچە قاراخانىيلار خانلىقىنى خېلى سىستې-
مىلىق تەتقىق قىلغان ھەمدە تۇنجى بولۇپ «قاراخا-
نىيلار خانلىقى» دېگەن بۇ سىياسىي ئاتالغۇنى شەرق-
شۇناسلىققا ئېلىپ كىرگەن. قاراخانىيلار خانلىقى-
نىڭ ئېتنىك تەركىبى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى يادرو-
لۇق ئورۇق، دۆلەت تەشكىلاتى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ
شىنجاڭدا تارقىلىشى قاتارلىق كۆپلىگەن مەسىلىلەر
ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەن، ئالىم يەنە شىنجاڭدىكى
بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىنىڭ
ئېتنىك تەركىبى شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭ-
نىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئىكەنلىكى قاتارلىق مۇھىم
مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ توختالغان.

19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ
كۆلەملىشىشى ھەم راۋاجلىنىشىدا روسىيە ئالىملىرى
ھەم ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ تۆھپىسى زور، ئۇلا-
رنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەتقى-
قات دائىرىسىنى كېڭەيتتى ھەم خەلقئارالىق تەتقىقات
قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بو-
لۇپمۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى رۇس ئېكسپې-
دىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىن ئېرىشكەن ئارخېئو-
لوگىيىلىك ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپىيىشى ئۇيغۇر تارى-

خى تەتقىقاتىنى نۇرغۇن ماددىي دەلىللەر بىلەن تەمىن-
لىدى شۇنداقلا ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ مەزمۇنىنى تېخى-
مۇ بېيىتتى. روسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى شىن-
جاڭغا خېلى بۇرۇنلا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار دەسلەپ
شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، ھاۋا كىلىماتى
ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئاساس قىلغانىدى. ئەمما يا-
قۇپبەگ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ
مۇستەھكەملىنىشى ھەم ئۇنىڭ بۈيۈك بىرىتانىيە بى-
لەن بولغان مۇناسىۋىتى روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دىق-
قىتىنى تارتتى شۇنداقلا ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتىنىڭ تە-
سىرىنى چەكلەش ياكى ۋاقتى كەلگەندە بۇ رايوننى
بىراقلا يۇتۇۋېلىش مەقسىتىنى كۆچەيتىپ، شىنجاڭ-
نىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى
ئىگىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ھەم مەقسەتلىك
ھالدا ئۈزۈلدۈرمەي ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى شىنجاڭغا
ئەۋەتتى، بۇ جەھەتتە روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى
ھەم خان جەمەتى جۇغراپىيە تەتقىقاتى جەمئىيىتى زور
نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوف 1858ـ1859ـ
يىللىرى سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ قەشقەرگە
كەلدى ھەم ئۇيغۇرلار تارىخى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسا-
دىي، ئىجتىمائىي، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ھەق-
قىدە مەخسۇس ماتېرىيال توپلىدى. روسىيىگە قايت-
قاندىن كېيىن ئۆزى توپلىغان ماتېرىيال ھەم تەك-
شۈرگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن «قەشقەر»، «جۇڭغا-
رىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» قاتارلىق ئىلمىي تەكشۈ-
رۈش دوكلاتلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلدى، ئۇ-
نىڭ بۇ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى روسىيە شەرقشۇناسلىقى-
دىلا ئەمەس، دۇنيا شەرقشۇناسلىقىدىمۇ ھېلىھەم ئالا-
ھىدە قىممەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. ۋەلىخانوفتىن
كېيىن يەنە ئا. ن. كوروپاتكىن شىنجاڭغا كېلىپ
قەشقەرىيە توغرىسىدا سىستېمىلىق ماتېرىيال توپلىدى
ھەم ئەينى دەۋردىكى قەشقەرىيىنىڭ سىياسىي، ئىق-
تىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن
ئەسەر «قەشقەرىيە»نى ئېلان قىلىپ، بۇنىڭ شەرىپى-
گە روسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ ئالتۇن مېدالى-
غا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇس تەتقىقاتچىسى
ھەم جۇغراپىيىشۇناس ن. م پىرژېۋالىسكى مەركىزىي
ئاسىيادا 4 قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ،
شۇنىڭ ھاسىلاتى سۈپىتىدە «ئوسورىيە»، «موڭغۇل-
لار ۋە تاڭغىتلار دۆلىتى»، «غۇلجا، تەڭرىتاغدىن
ئۆتۈپ لوپنۇرغا قاراپ ئىلگىرىلەش» قاتارلىق ئەسەر-
لەرنى يازدى ھەم بۇ ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدا 15 مىڭ
دانە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسى، 7000 خىلدىن ئارتۇق
ھايۋانات ئەۋرىشكىسى يىغىۋالدى④. شۇنىڭدىن كې-
يىن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ رۇس
ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شۇنداقلا دۇنيا ئېكسپې-
دىتسىيىچىلىرىنىڭ بېرىشقا ئىنتىلىدىغان رايونى بو-
لۇپ قالدى. پىرژېۋالىسكىغا ئەگىشىپ رۇس ئېكس-
پېدىتسىيىچىلىرىدىن يەنە ئا. سوسنوۋسكى، ئە. لى
ماتسوۋسكى، گ. ن. پوتانىن قاتارلىقلار قۇمۇل رايو-
نىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىغا
دائىر فولكلور ماتېرىياللىرىنى توپلىدى. رۇس
ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن يەنە ئا. ن
كراسوف (1886ـ يىلى)، م. ئا پېۋسوف (1876 ـ،
1889 ـ يىللىرى)، ۋ. ئى روبروۋسكى، ئاكا-ئۇكا
گىرىم گىرژېمايلو، د. ئا. كلېمېنتس، رادلوف،
س. ي مالوف، ئولدېنبورگ قاتارلىق شەرقشۇناسلار
شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن قىم-
مەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشتى. ئۇلار توپلىغان ما-
تېرىياللار كېيىنكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ مۇكەممەل-
لىشىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

2) 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق نەزەرىيىۋى دەلىللەشتىن
ھالقىپ، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى، تىل-
يېزىق ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش ھەم ئۇيغۇرلار-
نىڭ فولكلور، مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش
دەۋرىگە كىرىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرشۇناس-
لىق تەتقىقاتىغا يېڭى مەزمۇنلار قېتىلدى، تەتقىقات
چوڭقۇرلاشتى.

مەركىزىي ئاسىيادا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى
ئەۋج ئالغاندىن كېيىن، چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە-
چىلىرى مەركىزىي ئاسىيا، بولۇپمۇ شىنجاڭدا ئارخې-
ئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ھەم قېزىشنى باشلىۋەتتى.
1889 ـ يىلى سىبىرىيىلىك ئارخېئولوگ ھەم مىللەت-
شۇناس يادرىنتسېف شىمالىي موڭغۇلىيىنىڭ ئورخۇن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەرياسى ۋادىسىدىن 3 مەڭگۈ تاشنى تاپتى، ئۇ تاپقان
3 مەڭگۈ تاشنىڭ بىرى «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»
بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ قىسقىچە
تارىخى خاتىرىلەنگەنىدى . بۇ مەڭگۈ تاش تېپىلغاندىن
كېيىن، دانىيىلىك تومسون، روسىيىلىك رادلوف،
تۈركىيىلىك نامىق ئورخۇن، روسىيىلىك مالوف قا-
تارلىق ئالىملار ئۇنى تەتقىق قىلدى ھەم مۇناسىۋەت-
لىك تىللارغا تەرجىمە قىلدى. 1890 ـ 1891 ـ
يىللىرى فىنلاندىيەھەم روسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەت-
رىتى بۇ مەڭگۈ تاشلار بايقالغان جاينى قايتىدىن قاز-
دى ھەم مەڭگۈ تاشلارنى سۈرەتكە تارتىپ، سۈرەتلىك
قوللانما ئېلان قىلدى، 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللى-
رى رادلوفنىڭ تەكلىپى بىلەن شىمالىي موڭغۇلىيە-
نى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرىدىغان بىر ئەترەت
تەشكىللەندى⑤ . 1897 ـ يىلى يەنە كلېمېنتس،
موڭغۇلىيىنىڭ ئۇلانباتور شەھىرىدىن 60 كىلومېتىر
يىراقلىقتىكى بايىن چوقتو دېگەن جايدىن «تونيۇقۇق
مەڭگۈ تېشى» نى تاپتى، بۇ تاش تېپىلغاندىن كېيىن
ئوخشاشلا رادلوف، تومسون، دېنىسون قاتارلىقلار
ئۇنى تەتقىق قىلدى ھەم مۇناسىۋەتلىك تىللارغا تەر-
جىمە قىلدى. بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ تېپىلىشى ھەم
تەتقىق قىلىنىشى دۇنيا تۈركولوگىيە ئىلمى ئۇچۇنلا
ئەمەس، ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمى ئۇچۇنمۇ يېڭى مەز-
مۇنلارنى قوشتى. مەڭگۈ تاشلار تىلى ھەم ئۇيغۇر
يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى ئۇيغۇرشۇ-
ناسلىقنىڭ 19 ـ ئەسىردىن كېيىنكى يېڭى بىر پەللى-
سى ھېسابلىنىدۇ، بۇ يېزىقنىڭ ئوقۇلۇشى جەھەتتى-
كى ئۇتۇقلار دانىيىلىك تومسون بىلەن روسىيىلىك
رادلوفقا مەنسۇپ. تومسوننىڭ رۇنىك يېزىقىنى ئو-
قۇشى ئاساسىدا 1894 ـ يىلى رادلوف كۆلتېكىن
مەڭگۈ تېشىنىڭ تۇنجى تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى.
بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى تۈرك تىلى تەتقىقاتى تۈركولو-
گىيە ئىلمىنىڭ ئالاھىدە بىر تارمىقى بولۇپ مەيدانغا
كەلدى، شۇنداقلا پېتىربورگ قەدىمكى تۈرك تىلى تەت-
قىقاتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. 1892 ـ 1903 ـ
يىللىرى پېتىربورگدا قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى
تەتقىقاتىغا ئالاقىدار نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەر
نەشر قىلىنىدى، بۇ تەتقىقاتلاردا روسىيە شەرقشۇناس-
لىرىدىن رادلوف، بارتولد، زالىمان قاتارلىقلار مۇ-
ھىم رول ئوينىدى. ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى
تەتقىق قىلىش ھەم ئۇنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتا راد-
لوف، پاۋى دې كورتىل، گ. ۋامبېرى، كارل بى-
روككېلمان قاتارلىقلارنىڭ ئەمگەكلىرى مۇھىم ئەھ-
مىيەتكە ئىگە.

1870 ـ يىلى ۋامبېرى فرانسۇز شەرقشۇناسى
ژائوبېرت ئامبېرنىڭ 1823 ـ يىلىدىكى «قۇتادغۇبى-
لىك» توغرىسىدىكى خەۋىرى ھەم قۇتادغۇبىلىكنىڭ
ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم تەرجىمىسىگە ئاساسەن،
«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇھىم قىسىملىرىنى نېمىسچىغا
تەرجىمە قىلدى. 1897 ـ يىلى رادلوف قاھىرەنىڭ
قىرال كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ
ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ھەم
ۋىنا نۇسخىسىغا ئاساسەن 10 يىلدەك سېلىشتۇرما
تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 1910 ـ يىلى «قۇتادغۇبى-
لىك» نىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى نەشر قىلدۇردى⑥
. مۇشۇ يىللاردا يەنە روسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى
شىنجاڭدىن ساك، سوغدى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى،
خەنزۇ يېزىقىدىكى نۇرغۇن يازمىلارنى تاپتى، سۋېن
ھېدىن (1865 ـ 1952) ، بارتولد (1869 ـ
1930) ، ئاۋرېل ستەيىن (1862 ـ 1943) قاتار-
لىق مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا،
جۇملىدىن شىنجاڭنى مەركەز قىلىپ ئارخېئولوگىيە-
لىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەم مول نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ تۈرك
تارىخى تەتقىقاتى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىدىكى
ئورنىنىڭ مۇھىملىقى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر .
تەرىپىدىن بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئۇيغۇرلار-
نىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر تې-
خىمۇ كۆپ شەرقشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

1902 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ ھامبورگ شەھىرى-
دە ئۆتكۈزۈلگەن 13 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناس-
لىق يىغىنىدا، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئوتتۇرا ۋە
شەرقىي ئاسىيانى تەتقىق قىلىش روسىيە كومىتېتىنى
ئوتتۇرا ئاسىيا ـ يىراق شەرق تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە-
تىلشۇناسلىق ـ مىللەتشۇناسلىق خەلقئارا ئىلمىي
جەمئىيىتىگە ئۆزگەرتتى. سان پېتىربورگدا باش ئور-

گان، ھەرقايسى ئەللەردە شۆبە ئورگان تەسىس قىلىندى. روسىيىلىك ئولدېنبورگ جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن رۇس ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ پېشۋاسى مالوف 1909 ـ 1911 ـ ، 1913 ـ 1914 ـ يىللىرى شىنجاڭغا ئىككى قېتىم كەلدى ھەم نۇرغۇن يازما ماتېرىياللارنى توپلىدى. ئولدېنبورگ، م. بېرزۇۋىسكىيلارمۇ مالوفتىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭدا بىرقانچە قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەم تۇرپان مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ كوپىيىسىنى ئالدى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر تەمىنلىگەن يازمىلار ھەم سىلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ ھاسىلاتى سۈپىتىدە بارتولد، تومسون، رادلوف، مالوفلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆز ئەمگەكلىرىنى نەشر قىلدۇردى.

31 يىشدا «موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» (1900) ناملىق ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىسى ئارقىلىق شەرق ئەللىرى تارىخى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بارتولد ئىسلام تارىخىنى مەركەز قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىدىكى موڭغۇل، ئەرەبلەرگە ئالاقىدار «ئىسلام ئوچېركى»، «خەلق ۋە سۇلتان»، «مۇسۇلمان مەدەنىيىتى»، «تۈركىستان»، «تۈركىستاننىڭ مەدەنىي ھاياتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈرك، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تارىخىنى يورۇتۇشقا زور تۆھپە قوشتى، ئۇنىڭ ئىسلام قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلىرى، «تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، «يەتتىسۇ تارىخى ئوچېركلىرى» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدىكى بىرىنچى قول پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ھېسابلىنىدۇ.

روسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلىرى ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى، روسىيىلىك پىرژىۋالىسكى، كوزلوف، ئولدېنبورگ، بارتولد قاتارلىقلار ئېرىشكەن مول ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىستىقبالىنى تولۇق نامايان قىلغانىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن تاكى 40 ـ يىللارغىچە شىۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن، فون بىرگمان، ئەنگلىيىلىك ستەيىن، فرانسىيىلىك پېللىئوت، گېرمانىيىلىك گىرۈنۋېدىل، لېكوك، ياپونىيىلىك نىشى توكوجىرو، ئوتانى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ قەبرە قېزىش، مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى چەت ئەلگە يۆتكەش بىلەن شۇغۇللاندى.

1902 ـ يىلى بېرلىن ئىنسانشۇناسلىق مۇزېيىنىڭ خادىمى گىرۈنۋېدىل بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ، روسىيە ئارقىلىق تۇرپانغا كەلدى. ئۇ شۇ قېتىملىق سەپىرىدىلا ئۇيغۇرچە يازما ھەم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن 46 ساندۇق ئېلىپ چىقىپ كەتتى. 1904 ـ يىلى لېكوك باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىكى بېزەكلىك، تويۇق قاتارلىق جايلاردىكى تام رەسىملىرىنى پۈتۈنلەي قومۇرۇۋالدى ھەم قوچۇ خارابىسىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە، تام رەسىمى، مەڭگۈ تاشلارنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقى 200 ساندۇقتىن ئاشىدۇ. ئەنگلىيىلىك ستەيىن 1914 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇرپانغا كېلىپ 182 ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئېلىپ كەتتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەركىزىي ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى دۇنيا جامائەتچىلىكى ئەڭ قىزىقىدىغان تېما بولۇپ قالدى، ئىلمىي ساھەدە بولسا مالياۋكىن ئېيتقاندەك: «20 ـ ئەسىرنىڭ بېشى ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىش گويا ئۈزۈلۈپ قالغاندەك بولدى. بۇ تېما ئۈستىدە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر يوقنىڭ ئورنىدا بولدى»⑦. بۇ دەۋر ئومۇمىي دۇنيا ۋەزىيىتى ئۆزگىرىش ئۈستىدە قالغان، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان دەۋر بولۇپ، مەيلى روسىيە ياكى باشقا ئەللەردە بولسۇن ئۇيغۇرشۇناسلىق ئۈستىدىكى تەتقىقات بوشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەۋردە شەرقشۇناسلار ئىچىدە نەزەرىيىۋى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتىن كۆرە، شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش قىز-

غىنلىقى قوزغالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئانا ماكانىدىكى نەچچە ئون مىڭلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى چەت ئەلگە ئېلىپ كېتىلدى، ئېلىپ كېتىلگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئوقۇلۇشى ھەم ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيادا ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقات قىزغىنلىقى قوزغالدى⑧. بۇ ئەمگەككە ھەرقايسى ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئورتاق ئىشتىراك قىلىشى ئۇيغۇرشۇناسلىق ھەم ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى شۇنداقلا ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مەزمۇنىنى كېڭەيتتى. قىسقىغىنا يېرىم ئەسىر ئىچىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق روسىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، دانىيە قاتارلىق ئەللەردە مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى ھەم بۇ ئەللەردە يېڭى بىر تەتقىقات قوشۇنى شەكىللەندى. ئۇلار مەخسۇس ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى ھەم شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەھەتتە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان تەتقىقاتچىلاردىن گېرمانىيىلىك لېكوك (1860 ـ ؟)، باڭ (1869 ـ 1934)، مۇللېر (1863 ـ 1930)، گابائىن (1901ـ 1993)، روسىيىلىك رادلوف، مالوف، تىخونوف، ياپونىيىلىك خانېدا تورۇ، مورى ماسائو، يامادا نوبۇئو، مانوئېيجى، خامادا ماسامى، فرانسىيىلىك پېللىئوت (1874 ـ 1945)، جامىس خامىلتون، ۋېنگرىيىلىك ۋامبېرى، لويىس لىگېتى، تۈركىيىلىك سائادەت چاغاتاي، تالات تېكىن، ئورخۇن، كۆپرۈلۈ، ئەنگلىيىلىك تۈركولوگ كلاۋسون قاتارلىقلار بار، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىدىكى نەتىجىلىرى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاساسي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

3) ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ كۆلەملەشكەن، گۈللەنگەن ۋاقتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن 90 ـ يىللىرىغا قەدەر بولغان يېرىم ئەسىرلىك تەتقىقات دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئىلمي ئەسەرلەر ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ مۇستەقىل بىر تەتقىقات تېمىسى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى ھەم ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئالاقىدار نۇرغۇن چىگىشلەر ھەل قىلىندى. خەنزۇ تەتقىقاتچىلارمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ تارىخىغا ئالاقىدار تەتقىقات نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلدى، چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ھەم تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىقات ئەمگەكلىرى ئارقا-ئارقىدىن تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى، شۇنداقلا مىللىتىمىز ئىچىدىمۇ بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار يېتىشىپ چىقىپ، تەتقىقات ساھەسىدە مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ باشلىنىشى تۈركىيىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» (قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلدى) نىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى ئىستانبۇلدا تېپىلىپ، 1914 ـ 1917 ـ يىللىرى ئۆز ئەينى بېسىلغاندىن كېيىن، بەزى كىشىلەر ئۇنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلماقچى بولغان ۋە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەنىدى⑨. «دىۋان» ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگىمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا مەلۇم بولغانىدى، بۇ ھەقتە پروفېسسور فۇئات كۆپرۈلۈ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدە يازغان ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «1904 ـ يىلى ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل بىلىمى شۆبىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان تىل بىلىمى مەجمۇئەسىدە مىلادىيە11 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە يېزىلغان تۈركىي تىلدا يېزىلغان كىتابلار توغرىسىدا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىدا كونا تۈركچە ـ ئەرەبچە يېزىلغان ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› نامىدىكى بىر ئەسەر كۆرسىتىلىدۇ. . . مېنىڭ بىلىشىمچە، ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئەڭ بالدۇر يېزىلغان ماقالە شۇ» .

«دىۋان» نىڭ نەشر قىلىنىشى دۇنيا تۈركولوگىيە ئىلمىدىكى چوڭ بىر ۋەقە بولۇپ، ئۇ بەس-بەس بىلەن تەتقىق قىلىندى، تەرجىمە قىلىندى. «دىۋان» توغرىسىدا نېمىسچە، ۋېنگىرچە، رۇسچە، ئېنگلىزچە كىتاب ۋە ماقالىلار يېزىلدى. گېرمانىيىدە «دىۋان» تەتقىقاتى بىلەن ئەڭ كۆپ شۇغۇللانغان ئالىم كارل بروككېلمان. ئۇ 1928 ـ يىلى «دىۋان» نىڭ نېمىسچە ئىندېكسىنى ئىشلەپ چىققان ھەم ئۇنى ياۋروپالىقلار-

غا تونۇشتۇرغانىدى. «دۇان» نىڭ بايقىلىشى بىلەن
ئۇيغۇرشۇناسلىق قايتىدىن جانلاندى.

بۇ باسقۇچتىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ باشلىنىشى
يەنە ياپونىيە ھەم خەنزۇ تەتقىقاتچىلىرى بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك. 1936 - يىلى ئېلىمىزدە تەتقىقاتچى ۋاڭ
رىۋبي تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققىدە توختال-
دى(1936 - يىلى «تەتقىقاتچىلار» ژۇرنىلى مەجمۇ-
ئەسىدە ئېلان قىلىنغان «تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى
ئۇيغۇرلار» ) ھەم بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى توختىتىپ
قويمىدى. ئۇنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئازادلىقتىن كېيىن
فېڭ جياشېڭ، مۇ گۇاڭۋېن، چېڭ سۇلۇ، شياڭ دا،
سېن جۇڭمىيەن قاتارلىقلار ئۇيغۇرلار تارىخى تەتقىقاتى
بىلەن شۇغۇللاندى ھەم خەنزۇ تارىخنامىلىرىدىكى
ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئېلان
قىلدى. خەنزۇ تەتقىقاتچىلىرىدىن فېڭ جياشېڭ، مۇ
گۇاڭۋېن، چېڭ سۇلۇلار بىرلىكتە يېزىپ 1958 -
يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت قىسقىچە
ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر
تارىخى ھەققىدە يازغان تۇنجى زور ھەجىملىك ئەسىرى
بولۇپ، بۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ شە-
كىللىنىشىگە يول ئاچقان زور ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ،
ئەمما بۇ ئەسەر چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەمگەك
نەتىجىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلمىغان بولغاچقا، ئۇ يەنىلا
بەزى مەسىلىلەردىن خالىي بولالمىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كې-
يىن، دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى ئالىي بىلىم يۇرت-
لىرىدا مەخسۇس تەتقىقات ئورۇنلىرى تەسىس قىلىن-
دى. 1956 - يىلى سابىق مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى
سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگى تېنىشېفنى تەكلىپ
قىلىپ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا تۈرك تىللىرى
تەتقىقات سىنىپى ئاچتى. 1976 - يىلى گېڭ شىمىن
ئەپەندىنىڭ پائال تەشەببۇسى بىلەن، مەركىزىي مىل-
لەتلەر ئىنىستىتۇتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللى-
رى فاكۇلتېتىدا قەدىمكى تۈرك تىلى سىنىپى ئېچىل-
دى. گېڭ شىمىن ئەپەندى بۇ سىنىپنىڭ ئاساسلىق
ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، «قەدىمكى
تۈرك تىلى يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ، «قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ، «قاراخا-
نىيلار دەۋرىگە ئائىت يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»
قاتارلىق ئوقۇشلۇقلارنى تۈزۈپ چىقتى ھەم بارتولد-
نىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىدىن 12 لېك-
سىيە» ، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى» ، گا-
بائىننىڭ «ئىدىقۇت خانلىقى» ، خانېدا
تورۇنىڭ«غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» قاتارلىق
يىرىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدى، گېڭ شىمىن
ئەپەندى گەرچە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى بىلەن مەخ-
سۇس شۇغۇللانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇي-
غۇرشۇناسلىقنىڭ مۇھىم قىسمى بولغان قەدىمكى
ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىنى سېلىش-
تىكى تۆھپىسى چوڭ. ئۇنىڭدىن باشقا 70 - يىللار-
دىن كېيىن خەنزۇ تەتقىقاتچىلىرىدىن لىن گەن، گاۋ
زىخۇ، ۋېي لياڭتاۋ، شاڭ يەنبىن، ياڭ شېڭمىن،
يۇ تەيشەن. . . قاتارلىق بىر ئەۋلاد تەتقىقاتچىلار يې-
تىشىپ چىقىپ، مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى
بىلەن شۇغۇللاندى ھەم ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ
دۆلەت ئىچىدە كۆلەملىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

بۇ يېرىم ئەسىر ئىچىدە يەنە ياپونىيە ئالىملىرى-
نىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن
نەتىجىلىرى ئاز ئەمەس. كوۋاداراكورودىن كېيىن
خانېدا تورۇ، ئابى تاكېئو، خانېدا ئاكىرا، مائىدا
ماسانا، يامادانوبۇئو قاتارلىق تەتقىقاتچىلار ئارقا -
ئارقىدىن «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ، «غەر-
بىي ئۇيغۇر تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» ، «غەربىي
ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى قەيەردە؟ » قاتارلىق ئەسەر-
لەرنى يېزىپ، 7 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە بول-
غان ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى جۇڭگو
مەنبەلىرى، تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى تېكستلەر
ھەم مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلى-
نىپ خېلىلا تولۇق يورۇتۇپ بەردى ھەم ياپونىيىدىكى
ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىشى-
گە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلار تارىخى تەتقىقاتىنىڭ بۇ
باسقۇچى 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى باشلانغان
بولسىمۇ، لېكىن كۆلەم ھەم تەتقىقات چوڭقۇرلۇقى
جەھەتتە ئېلىمىز ھەم باشقا شەرق ئەللىرىنىڭ تەتقىقا-

تىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ چۈشتى. غەرب ئالىملىرى ئېكسپېدىتسىيە نامى بىلەن شىنجاڭدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى خېلىلا قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بەردى.

فرانسۇز ئالىمى خامىلتون 1955 - يىلى «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ماتېرىياللارنى تەرجىمە ۋە نەشر قىلدى. بۇ ياۋروپادىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ 20 - ئەسىردىكى باشلىنىشى بولۇپ قالدى. گېرمانىيىدىكى ئۇلۇغ تۈركولوگ ھەم ئۇيغۇرشۇناس گابائىن خانىم 1950 - يىللاردىن باشلاپ كەسىپداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرىنى تەتقىق قىلغانىدى. ئۇ كېيىن يەنە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى، دىنى، ئىجتىمائىي فولكلورىنىمۇ تەتقىق قىلدى. 1960 - يىللاردىن كېيىن گابائىن خانىم «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ 10 تومىنى ئىشلىگەندىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھەم مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار «ئىدىقۇت خانلىقى (950 - 1250)»، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە يۈرۈش-تۇرۇش ئادەتلىرى توغرىسىدا»، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھايات» (1973- يىلى)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (1980 - يىلى)، «يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرى» (1986 - يىلى)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخى (607 - 745)» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى يازدى.

1968 - يىلى ئېلىزابىت نېكىس گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا بېغىشلانغان مەخسۇس ئەسىرىنى نەشر قىلدى. بۇ ئەسەرلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەم يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش، ئىلگىرىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەچكە چوڭ پۈتۈنلۈك بىلەن خاراكتېرلەندى. 1968 - يىلى يەنە ماككېراسىنىڭ كونا، يېڭى «تاڭنا-

مە» لەردىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قىسىمغا ئاساسەن يېزىلغان «ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى» دېگەن ئەسىرى نەشر قىلىندى.

ئۇيغۇرشۇناسلىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ئۈزۈكچىلىكنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، قايتىدىن جانلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن «رۇس بولمىغان مىللەتلەر» تارىخىنىڭ زور كۈچ بىلەن تەتقىق قىلىنىشى تۈرتكىسىدە، بىچۇرىن، پوزدنېيېف ۋە بارتولدلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا، ئا. ياكۇبوۋسكى، س. گ كلياشتورنى، ئا. گ. مالياۋكىن، ب. ئا. لىتۋىنسكىي، د. ئى. تىخونوف، س. يې. مالوف قاتارلىق تەتقىقاتچىلار داۋاملىق ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى ھەم گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، تۇرپان خانلىقى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن بىرگە ياشىغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىغا ئالاقىدار تەتقىقات نەتىجىلىرىنى نەشر قىلىپ، ئۇيغۇرشۇناسلىققا يېڭى قان قوشتى.

خۇلاسە80 - يىللاردىن كېيىن خەلقىمىز ئىچىدىكى بىر قىسىم مۇنەۋۋەر تەتقىقاتچىلارمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ، كىشىنى سۆيۈندۈرگىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، شۇنداقلا يېڭى بىر ئەۋلاد تەتقىقاتچىلار ئىز بېسىپ يېتىشىپ چىقىشقا باشلىدى. بۇ جەھەتتە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگىدەك مۇنەۋۋەر ئەمگەك ئىگىلىرىدىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىقلار بار. ئۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى بۈيۈك ئەسىرىنى قايتا ياراتقۇچىلار، شۇنداقلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت-تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ئاساسچىلىرى دېيىشكە ھەقلىقمىز ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇرشۇناسلىق ئازكەم ئىككى ئەسىرلىك تەتقىقات داۋامىدا يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى ھەم راۋاجلاندى. ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى، مەدەنىيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دۇنيا تارىخى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تارىخ سۈپىتىدە بۇ ئىلىمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى ۋە راۋاجلاندۇرغۇچى ئالىملار

www.uyghurkitap.com



تەرىپىدىن يېزىلدى. گەرچە ئۇيغۇرشۇناسلىق يۇقىردا تىلغا ئېلىنغاندەك ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى دۆلەت ئىچىدىكى، خەلقئارادىكى تىبەتشۇناسلىق، موڭغۇلشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن كۆلەم ھەم چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن سېلىشتۇرۇشقا ئاجىزمىز، چۈنكى ئېلىمىزدە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى كاپالەتلەندۈرگۈچى مۇقىم ئىقتىساد ۋە مۇقىم ئىلمىي مەركەز بولمىغاچقا، بۇ ساھە كۈچلۈك تەتقىقاتچىلار قوشۇنىغا ئىگە ئەمەس، شۇڭا ئېلىمىز ئۇيغۇرشۇناسلىقى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تولۇق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىگىنى يوق. شۇ تۈپەيلى ھازىرغىچە دۆلەت ئىچىدە ئۇيغۇرلار تارىخى، مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى توغرا، تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان نوپۇزلۇق «ئومۇمىي تارىخ» مەيدانغا كېلەلمىدى. مەيلى ياۋروپا ئالىملىرى بولسۇن ياكى رۇس ئالىملىرى بولسۇن ۋە ياكى ئېلىمىز ئالىملىرى بولسۇن تەتقىقات ئۇسۇلىدا ياندىشىما خاراكتېرلىك تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللانغان بولغاچقا، كۆزقاراش ۋە تەتقىقات نىشانىدا ئېغىش كۆپرەك بولدى، شۇنداقلا تەكرار تېمىلار كۆپ ئىشلەندى. ئۇيغۇر تارىخىغا ئالاقىدار مەنبەلەرنىڭ كۆپ خىللىقى، تەتقىقات مەزمۇنىنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل تىلغا ئالاقىدار بولۇشى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا كۆپ قىسىم تەتقىقاتلاردا تەتقىقاتچىلار ئۆزىگە مەلۇم بولمىغان ياكى بىلمەيدىغان مەنبەلەرنى مۇھاكىمە دائىرىسىگە كىرگۈزمىدى. بۇ دۆلەت ئىچىدىكى تەتقىقاتلاردا خېلىلا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئالاقىدار ماددىي ئىسپاتلار ھەم قەدىمىي يازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان بولغاچقا، تېخى تولۇق تەتقىق قىلىنمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى ئەللەردىكى ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار مۇزېي ماتېرىياللىرى پەقەت ئاز ساندىكى ئىلىم ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى قىزىقىشى ھېسابىدىكى تەتقىقاتىنىڭ خام ماتېرىيالى بولۇپ بەرگەچكە، كىم نېمىنى كۆرسە شۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى پارچىلىنىۋېتىلدى. ھازىرغىچە چەت ئەل تىللىرىغا ھەم قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار قەدىمكى تىل - يېزىقلارغا ماھىر تەتقىقات قوشۇنى مەيدانغا كەلمىگەچكە، ئۇيغۇرشۇناسلىق دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى كەڭرىلىكىدە تەتقىق قىلىشقا ئېرىشەلمىدى، بۇلار كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئۇيغۇرشۇناسلىق بۇندىن كېيىن ساپالىق تەتقىقات قوشۇنىغا مۇھتاج.

**ئىزاھلار:**

① «جۇڭگو پەن - تېخنىكا تارىخى»، سودا نەشرىياتى، 1985 - يىل

② «تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2001 - يىللىق 1 - سان 9 - بەت.

③ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، كىرىش سۆز، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى.

④ «غەربىي رايونغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

⑤ كىلياشتورنى: «قەدىمكى تۈرك-رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، كىرىش سۆز.

⑥ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى.

⑦ مالياۋكىن: «9 - 12 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 12 - بەت.

⑧ نيۇرۇجى: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرى ۋە يادىكارلىقلىرى» 13 - بەت.

⑨ ئۇلكۇ تاشىر: «بۈيۈك تىلچى - مەھمۇت قەشقەرى» 122 - بەت.

⑩ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 44 - بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى

# گابرىيېل بونۋالوت خاتىرىلىگەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ تارىخىي داستانى ھەققىدە

غالىپ بارات ئەرك

(چاقىلىق ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسىدىن)

لوپنۇرلۇقلار ئۇيغۇر ئېتنىكىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇلار تارىختىن بۇيان تارىم، كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاياغ ئېقىملىرىدا دەريا ۋە كۆللەرنى مەركەز قىلىپ بىكىنمە ھالەتتە ياشاپ كەلگەن بولۇپ، تىل، ئۆرپ - ئادەت ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇلار ھەتتا بەزى جەھەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئېغىز ئەدەبىياتى بولسىمۇ، ئۇلار يېزىپ قالدۇرغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ تېخىچە تېپىلمىغانلىقى، ئۇلار ئارىسىدىكى فولكلور ماتېرىياللىرىنى توپلاش نىسبەتەن كېچىكىپ باشلانغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇلاردىن قالغان بىر قىسىم يادىكارلىقلاردىن تېخىچە خەۋەرسىزمىز، بولۇپمۇ لوپنۇر رايونىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار يوق دېيەرلىك. فرانسىيىلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى گابرىيېل بونۋالوت (1853 ـ 1933) 1889-يىلى ئېلىمىزدە جۈملىدىن لوپنۇر رايونىدا ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسىنى باشلاپ تەكشۈرگەندە ئېرىشكەن ئۇچۇرلار بىزنىڭ ئەينى چاغدىكى لوپنۇر رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي، ئىقتىسادىي ۋە جۇغراپىيىلىك ھالەتلىرىنى چۈشىنىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بونۋالوتنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى «پارىژدىن توكيو قولتۇقىغىچە» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان، بۇ كىتاب 2001 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ «ئادىمزاتسىز رايوننى باتۇرلۇق بىلەن كېزىپ چىقىش» دېگەن نامدا نەشر قىلىندى.

كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئارىسىغا بارغاندا بىرموماي بۇ داستاننى «گىتار»غا ئوخشايدىغان ئىككى تارلىق چالغۇسىنى (دۇتار؟) چېلىپ ئېيتىپ بەرگەن، ئابدۇللا ئىسىملىك ئۇيغۇر تەرجىمان بۇنى ئۇلارغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ساز بىلەن ئورۇندالغىنىغا قارىغاندا ئۇ نەزمىي داستان بولۇشى مۇمكىن. كىتابتا بۇ تارىخىي داستاننىڭ پۈتۈن ئۆزى ئەمەس قىسقىچە مەزمۇنى نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان، شۇنداقتىمۇ بۇ تارىخىي داستاننى بۇ رايوننىڭ تارىخى ۋە جاي نامىلىرىنى ئېنىقلاشتا زور تارىخىي قىممىتى بار دەپ قارايمىز.

كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، بۇ موماي ئېغىز ئەدەبىياتىغا باي بولۇپ، ئىككى تارلىق چالغۇسىنى قولىغا ئالسا خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك ئېيتالايدىكەن، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تارىخىي داستان ھەم ئەپسانىلەرنى ئەجدادلىرىدىن ئاڭلىغانىكەن. داستاندا مۇنداق ۋەقەلىك خاتىرىلەنگەن:

«بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا تۆت خاقان بۇ يەرلەرگە پادىشاھلىق قىلىدىكەن. خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، كۈنلىرى ناھايىتى پاراۋان ئۆتىدىكەن. بۇ تۆت پادىشاھ قاغىلىق (كىتابتا شۇنداق بولۇپ، ئۇنىڭغا چاقىلىقنىڭ 3 كۈنلۈك غەربىدىكى جاي دەپ ئىزاھ بېرىلگەن) تىكى نۇنىياز ئاغا ۋە مارجان ئاغا ھەم مىرەن شەھىرى (كىتابتا ئابدال مەھەللىسىنىڭ ئەتراپى دېيىلگەن) دىكى شىر ئاغا (بونۋالوت بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمدە شەھەر بولۇپ، خارابىلىرى ھازىرغىچە قۇملۇقتا بار، دەپ ئىزاھ بەرگەن) دۇر. موڭغۇل ئارمىيىسى تۇيۇقسىز تۆت تەرەپتىن كېلىپ

www.uyghurkitap.com

بۇ يەرگە ھۇجۇم قىلغان ھەمدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى بىر قىسىم ئەرلەرنى شېھىت قىلغان. ھايات قالغانلاردىن قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار موڭغۇللار كونترول قىلىۋالغان يۇرتىدىن قېچىپ چىققان ئايالالارنى ئېلىپ شەرققە قاراپ قاچقان، يۇچۇن مەھەللىسىدىن 3 كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جايلارغىچە يېتىپ بارغان (ئاپتور بەزىلەر قېچىپ چايدام ئويمانلىقىغىچە بارغان، پرژېۋالىسكى ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى بايقىغان، دەپ ئىزاھات بېرىدۇ)، ئۇ چاغلاردا ئۇ يەرلەردە سۇ بار ئىكەن، ھازىر ئۇ يەرلەر قۇملىشىپ كەتتى. ئۇ قېچىپ بارغان كىشىلەرنىڭ ئۆيى يوق، يەرنى كولاپ ئوت قالىغان، شۇڭا ئۇ يەرلەر قاراقوشۇن ـ قارا ئوچاق دېگەن مەنىدە (بۇ يەردە ھازىرمۇ ئوچاقنى قويۇنداپ قالدى، قوشۇنداپ قالدى، دەيدىغان تىل ئادىتى بار) دەپ ئاتالغان. بۇ يەر نامى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، ئۇلار بېلىق، ياۋا ئۆردەك تۇتۇپ يەپ ھايات كەچۈرگەن، بۇنداق تۇرمۇش يۈز يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان.

موڭغۇللار ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى يۇرت ماكانلىرىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىپ قايتىپ كەتكەن. قاراقۇشۇن كۆلىنىڭ سۈيى تەدرىجىي ئازلاپ قۇرۇپ كەتكەن، ئۇلار ئاخىرى كۈن پېتىشقا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان، بەزىلەر ئەسلىدىكى يۇرتلىرىغا قايتىپ كەلگەن، بەزىلەر كورلا بىلەن لوپنۇرمەھەللىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى تارىم دەرياسى بويلىرىغا كۆچكەن، ئەسلىدىكى قاغالىق دەپ ئاتالغان يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلەر يۇرتىنىڭ ئەسلىدىكى نامىنى ئۇنتۇپ كەتكەن، ئۇلار ئەسلىدىكى يۇرت خارابىسىنى بايقاپ ئۇنى قېزىپ بايلىق ئىزدىگەن، ئۇلارنىڭ يۇرتىنى ئاللىبۇرۇن موڭغۇللار بۇلاپ، ھېچنىمە قالدۇرمىغان بولۇپ، ئۇلار بىر تال يىپ ئېگىرىدىغان چارق (چاق) تاپقان، ئۇلار مۇشۇ بايقاشنى خاتىرىلەش ئۈچۈن يۇرت ماكانىنى قايتا قۇرغاندىن كېيىن، بۇ يۇرتنى چاقىلىق يەنى يىپ ئېگىرىدىغان چاق مەنىسىدە ئاتىغان.

چاقىلىقتا ئولتۇراقلاشقانلار ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن، كېيىنچە خوتەندىن كەلگەن چال ئىسمايىل ئاتا (ئاپتور ئۆزلىرىنىڭ بۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە بىر ئاخشام قونغانلىقىنى ئىزاھلىغان) كېلىپ يەرلىكلەرگە: «مەن سىلەرگە تېرىقچىلىقنى ئۆگىتەي» دېگەن. كۆپچىلىك قوشۇلغاندىن كېيىن ئىسمايىل ئاتا خوتەندىن تېرىقچىلىرىنى ئەكەلگەن. كېيىن يەرلىكلەر بىلەن تېرىقچىلار ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولغاندىن كېيىن، خوتەنلىكلەر ئوغۇللىرىنى يەرلىكلەردىن ئۆيلەپ زىددىيەت ئازايغان. بۇ خىل نىكاھلىنىشلار ئارقىسىدا شالغۇتلىشىش كېلىپ چىققان، ئەمما يەرلىك ئوغۇللار خوتەنلىكلەرنىڭ قىزلىرىنى ئالمىغاچقا، ئۆز ساپلىقىنى ساقلاپ قالغان①.

ئاپتور بۇ تارىخىي داستاننىڭ مەزمۇنىنى مۇشۇ يەرگىچە خاتىرىلەپ ئارقىسىغا كۆپ چېكىت قويغان، موماي داستانىنى ئېيتىپ بولۇپ، تارىخىي ئېمىدىن چەتنەپ ئەپسانىلەرگە ۋە ئۆزى توقۇغان ناخشا ـ قوشاقلارغا ئۆتكەن. بۇ كىتاب گەرچە بۇ داستاننى ئەسلى تېكىستى بويىچە بىزگە تولۇق يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ لوپنۇرراينىنىڭ قەدىمكى ئەھۋاللىرى جۈملىدىن موڭغۇللار ئىستىلاسى، بۇ دەۋردىكى دىنى ئېتىقادى ۋە جاي ناملىرى ھەققىدە بەلگىلىك مەلۇمات بېرەلەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردە جۈملىدىن موڭغۇللار ئىستىلاسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە لوپنۇرراينىدا لوپنۇرقەدىمكى شەھىرى، شەھىرى كىتىك، شەھىرى مەردەك قاتارلىق بىر بۆلۈك لوپنۇرلۇقلار (سېرىغ ئۇيغۇر) شەھەرلىرى بولغانلىقىنى يازما پاكىتلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار كۆرسىتىپ تۇرماقتا. بۇ تارىخىي داستاندا لوپنۇرلۇقلارنىڭ بىر يۇرتىنىڭ ھازىرقى چاقىلىقنىڭ 3 كۈنلۈك غەربىدە ئىكەنلىكى، نامىنىڭ قاغىلىق ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ، بۇ دەل ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە ۋاشەھىرى يېزىسىنىڭ 7 كىلومېتىر غەربىدىكى ۋاشەھىرى كوناشەھىرىگە توغرا كەلسە كېرەك، ۋېنىتسىيىلىك ئاتاغلىق سەيياھ ماركوپولومۇ بۇ يۇرتتىن ئۆتكەن بولۇپ، چەرچەندىن چىقىپ 5 كۈن يول يۈرسە لوپنۇرشەھىرىگە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى، قۇملۇقتىن ئۆتكەن ۋە ئۆتمەكچى بولغانلارنىڭ مۇشۇ جايدا دەم ئېلىپ يول لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلايدىغانلىقىنى يازغان. ئارخېئولوگلار بۇ خارابىدىن يەنە خاقانىيە پۇلى قاتارلىق يادىكارلىقلارنى تاپقاندىن سىرت يەنە موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىغا مەنسۇپ يازما ماتېرىيال بايقىغان. موڭغۇللارنىڭ قىرغىنچىلىقلىرى مۇشۇ يۇرتلاردىمۇ يۈرگۈزۈلگەن، ماركوپولو چەرچەن ھەققىدىكى بايانلىرىدا بۇنى ئىسپاتلىسا، شەھىرى مەردەك ئەتراپىدا «موڭغۇل ئۆلگەن» دېگەن جاي نامىنىڭ بولۇشىنىڭ بۇ جايلاردا موڭغۇل ئىستىلاسىغا قارشى جەڭلەر بولغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. بىز يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، خاقانىيە تېررىتورىيىسىنىڭ جەڭسىزلا

موڭغۇل ئىستىلاسىغا قايىل بولغانلىقى ھەققىدە گۇ-
ماندا بولۇشىمىز كېرەكلىكىدىن بىشارەت بەرمەكتە.
بىر بۆلۈك ئاھالىنىڭ شەرققە يەنى چايدام ئويمانلىقى
تەرەپكە قېچىشىغا كەلسەك، بۇمۇ ئېھتىمالدىن يىراق
ئەمەس، چۈنكى لوپنۇرشەھىرى ئاھالىسىنىڭ مۇسۇل-
مانلىقىنىڭ ئەكسىچە شەھىرى كىتىك، شەھىرى مەر-
دەك ئاھالىلىرىنىڭ كۆپى مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى،
بۇ شەھەرلەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ۋەيران بولغان
بولۇپ (موڭغۇل ئۆلگەن نامى بۇ جايدا موڭغۇل ئىس-
تىلاسى بولۇپ، تالاپەت كەلتۈرگىنىنى كۆرۈۋېلىش
مۇمكىن) بىر بۆلۈك غەيرىي مۇسولمان ئاھالىلەرنىڭ
شەرققە كۆچكىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. لوپ-
نۇررايونىدىن كۆچۈپ بارغان، دەپ ئىلمىي پەرەز
قىلىنىۋاتقان ھەم ئىسپاتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى سېرىق
ئۇيغۇرلار (يۇغۇر مىللىتى) نىڭ تارىخىي داستانى
«يۇغۇرلار كەلگەن شىجى خاجىدىن»② دىمۇ ئۇلار-
نىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ يىللىرىدا باشقىلار-
نىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ شەرققە كۆچكەنلىكى ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ داستانىد-
كى شىجىنى شىجۇ - غەربىي ئايماق مەنىسىدە، خا-
جىنى خوجۇ ياكى قۇچۇ دەپ ئىزاھلىغانلار بولدى،
ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇ چاغلاردا شىجۇ ئاتالمى-
سىنى قوللانغىنىغا ھېچقانداق پاكىت يوق، ئەكسىچە
چاقىلىق رايونىدا قۇۋچۇل دەيدىغان يەر نامى ساقلان-
ماقتا. (تارىخىي رەشىدى) قاتارلىق ماتېرىياللاردا،
لوپنۇررايونىدا ياشىغانلارنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلار ئى-
كەنلىكى خاتىرىلەنگەن، بۇلارنىڭ ئارىسىدا يىل پەر-
قى بىر ئاز چوڭ بولىسىمۇ، ئەمەلىيەتكە خېلى يېقىن-
لىشىدۇ. ئۇلار 1335-يىللىرى ئەتراپىدا شەھىرى كى-
تىك قاتارلىق يۇرت ماكانلىرىنىڭ ۋەيران بولغانلىقى
بىلەن يۇرت ماكانلىرىنى بىر قېتىم ۋەيران قىلغان
ئەستىن چىقماس موڭغۇل ئىستىلاسىنى بىرلەشتۈرۈ-
ۋالغان.

بۇ داستاندا تىلغا ئېلىنغان «چاقىلىق» نامىنىڭ
قويۇلۇشى مەسىلىسىدە رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىسى
پېرژېۋالىسكى «لوپنۇر كۆلىگە سەپەر» ناملىق ئەسى-
رىدە يازغانلىرى بىلەن ئوخشاشلىق ھەم پەرق بار،
ئەمما بېرىلگەن تەبىر يەنىلا ئوخشاش ، يەنى يىپ
ئىگىرىدىغان چارق-چاقتىن كەلگەنلىكى بايان قىلىن-
غان. پېرژېۋالىسكى كىتابىدا «چاقىلىق كەنتىنى
كېرىيىدىن كەلگەنلەر 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدا قۇر-
غان. يەرلىكلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كېرىيىدىن كەلگەن
بىر قىسىم ئوۋچىلار چەرچەندىن چىڭخەينىڭ گاس
رايونىغا ئوۋچىلىققا بېرىپ قايتىشىدا ئالتۇن تاغدىن
ھالقىپ بۇ يەرگە تەسادىپىي كېلىپ قالىدۇ، بۇ يەردە
ئۆرۈلۈپ چۈشكەن سېپىل ۋە ئۆيلەرنى كۆرىدۇ، ئۆي-
لەرنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن كونا بۇزۇلغان يىپ ئىگىرى-
دىغان چاقلارنى كۆرىدۇ، يىپ ئىگىرىدىغان چاق ئۇي-
غۇر تىلىدا چاق دېيىلگىنى ئۈچۈن بۇ يۇرت چاقى-
لىق، دەپ ئاتالغان، چاقىلىق نامى ئەنە شۇنىڭدىن
كەلگەن دەيدۇ»③. پېرژېۋالىسكىنىڭ يېزىشىچە،
ئەنە شۇ كېرىيىدىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان-
لارنىڭ ئىچىدە پولات بەگمۇ بار بولۇپ، ئۇ ۋە باشقى-
لار ئېرىق ئېلىپ، كۆچەت تىكىپ تېرىقچىلىق قى-
لىپ يۇرتنى قايتا قۇرغان، كېيىن پولات بەگ بەگ
بولغان بولۇپ، 70 يېشىدا پېرژېۋالىسكىلار چاقىلىق-
تىكى ۋاقتىدا ۋاپات بولغان، بەزىلەرنىڭ كۆرسىتى-
شىچە پولات بەگنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ
چاقىلىقتا بولۇپ، پولات ئاتىنىڭ ھازىرمۇ بىر ئەۋلا-
دىنىڭ ئىسمى پولات، بۇ بەلكىم ئەشۇ بوۋىسىنىڭ
خاتىرىسى ئۈچۈن شۇنداق ئىسىم قويۇلغان بولسا كې-
رەك. دېمەك، لوپنۇرخەلقىنىڭ بۇ داستانى شۇ چاغ-
لاردىكى چاقىلىق رايونىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرىدىن
ئۇچۇر بەرگۈچى مۇھىم مەلۇمات ھېسابلىنىدۇ.

---

ئىزاھلار:

① گابرېل بونۋالت: «ئادىمىزاتسىز رايوننى جەسۇرانە كېزىش» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 95-، 96-، 97- بەتلەر.

② «يۇغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تاللانما» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 91 - بەت.

③ پرژېۋالسكى: «لوپنور كۆلىگە سەپەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 160-، 161 - بەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى: جەمىلە ئابلا

www.uyghurkitap.com

# دىيارىمىزدىكى تۇنجى مەرىپەت بۆشۈكى

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىنىڭ بېشىدا خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنى بىرەر يىل ئىچىدىلا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە تۇتىشىپ، مۇستەبىت جىن شۇرېننىڭ تەختتىن چۈشىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان جاللات شېڭ شىسەي بىر تەرەپتىن، چىرايلىق ۋەدىلەر بىلەن خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆزىگە تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىپ، خەلقنىڭ قان تۆكۈپ قولغا كەلتۈرگەن قوزغىلاڭ مېۋىلىرىنى تارتىۋالدى. بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ياخشى ئىشنىڭ يامان تەرىپى، يامان ئىشنىڭ ياخشى تەرىپى بولغىنىدەك، شېڭ شىسەي 1933-يىل 4-ئاينىڭ 12-كۈنى تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. خوجا نىياز ھاجى مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، شىنجاڭ خەلقىنى رەھىمسىزلەرچە قىرغان ماجۇڭيىڭغا قارشى تۇردى. قەشقەر زىيالىيلىرى بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ تەشۋىق-تەرغىباتنى قانات يايدۇرۇپ، قەشقەردە يېڭى مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى. قەشقەردىكى تۇنجى مەرىپەت بۆشۈكى — قەشقەر شەھەرلىك 5-باشلانغۇچ مەكتەپ ئەنە شۇ دولقۇننىڭ مەھسۇلى ئىدى.

1933-يىل 5-ئاينىڭ 1-كۈنى (سەيشەنبە) كېچىسى ئوسمان ئەلى قىرغىز قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئابدۇقادىر ھاجى باشچىلىقىدىكى ئاتۇش پىدائىيلىرى قەشقەرنى بېسىپ ياتقان ما شاۋۋۇ قوشۇنىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، تاڭ سەھەردە قەشقەرنى ئىگىلىدى ۋە شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا قەشقەر شەھەرىدىكى تۈرمە، گۆرۇخانا، قىمارخانىلارنى تاقاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نور بېشىدىكى «چىڭ خۇاڭمياۋ» بۇتخانىسى ۋە ھېيتگاھ (ھازىرقى «خەلق» كۇلۇبىنىڭ يازلىق زال ئورنى)، بۇلاق بېشىدىكى بۇتخانىنى تاقاپ، بۇتلارنى چېقىپ تاشلىدى. ئەتىسى يەنى 1933-يىل 5-ئاينىڭ 2-كۈنى تۆمۈر ئەلى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى خېلىلا مۇقىملاشتى، خەلقنىڭ يېڭى مەدەنىيەتكە بولغان تەقەززالىقى يېتەرلىك قوللاشقا ئېرىشتى. قەشقەردىكى «جەدىت» دەپ ئاتىلىدىغان زىيالىيلار بىر پەننىي مەكتەپ ئېچىشنى تەشەببۇس قىلدى. تۆمۈر شىجاڭ، ئوسمان ئەلىلەر بۇ تەشەببۇسنى قوللىدى. مەكتەپ ئورنىنى بېكىتىش مەسىلىسى غۇلغۇلا قىلىنغاندا، كىشىلەرنىڭ كۆزى «چىڭ خۇاڭمياۋ» بۇتخانىسىغا چۈشتى. گەرچە بۇتلار چېقىلغان بولسىمۇ، بۇت قويۇلغان ئۆيلەر بىلەن چاڭچىلىخانا (زال) زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمىغاچقا، بۇ يەرگە كۆپ چىقىم قىلمايلا بىر مەكتەپ بىنا قىلىشقا بولاتتى. شۇڭا بۇ ئورۇننى مەكتەپكە ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى.

بۇ يەردە بىز بۇ بۇتخانىنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتەيلى: 1878-يىلىنىڭ بېشىدا ياقۇپبەگ (بەدۆلەت) ئۆلتۈرۈلۈپ، ھاكىمىيەت زوزۇڭتاڭ باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى، زوزۇڭتاڭ ئىشەنچلىك ئادىمى لى جۇيانى قەشقەرنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلىدى. لى جۇيا ياقۇپبەگنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان چاغدا، ھېيتگاھ جامەسىنى «بەدۆلەت ياسىغان» دېگەن باھانە بىلەن تاقىتىپ، ئۇنى بۇتخانىغا ئۆزگەرتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى خەلقنىڭ قاتتىق

غەزىپىنى قوزغىدى. شەھەر خەلقى قەشقەرنىڭ باش
قازىسى ئابدۇقادىر قازى كالان (ئابدۇكېرىمخان مەخـ
سۇمنىڭ بوۋىسى) غا ئىلتىماس سۇنۇپ ، ئۇنىڭدىن
ھېيتگاھ جامەسىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئۆتۈندى.
ئابدۇقادىر قازى كالان لى جۇياغا خەلقنىڭ تەلىپىنى
يەتكۈزگەندە، لى جۇيا قەتئىي رەت قىلدى. ئابدۇقاـ
دىر قازى كالانمۇ تەن بەرمەي، نەچچە مىڭ ئادەم
بىلەن جامە ئالدىغا كەلدى ۋە دەرۋازىغا سېلىنغان
يوغان قۇلۇپنى ئۆز قولى بىلەن چېقىپ جامەگە كىـ
رىپ، شۇ كۈنكى جۈمە نامىزىنى جامائەت بىلەن بىللە
ئوقۇدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان لى جۇيا دەرغەزەپ
بولۇپ، ئابدۇقادىر قازى كالاننى تۇتقۇن قىلىپ،
پۇت ـ قول، بويۇنلىرىغا كىشەن، تاقاق سېلىپ گۇنـ
دىخانىغا قامىۋەتتى. جامەنى يېڭىۋاشتىن تاقىۋەتتى.
بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى. لى
جۇيا ئاخىرى ئىشنىڭ ئەپلەشمەيدىغانلىقىنى تونۇپ
يەتتى ـ دە، بىر نەچچە ئاي قاماقتا ياتقان ئابدۇقادىر
قازى كالاننى قاماقتىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى ۋە
قويۇۋېتىشنىڭ شەرتى سۈپىتىدە، ئابدۇقادىر قازى
كالاندىن بۇتخانا ياساش ئۈچۈن يەر بېرىشنى تەلەپ
قىلدى. ئابدۇقادىر قازى كالان قاماقتىن چىققاندىن
كېيىن، خەلقتىن ئىئانە توپلاپ، نور بېشىدىكى ئەڭ
گۈزەل باغلارنىڭ بىرىنى سېتىۋېلىپ، لى جۇيانىڭ
ئىگىدارچىلىقىغا تاپشۇردى. لى جۇيا بۇ باغنى چېـ
قىپ، بۇتخانا ياساتتى. مانا بۇ بۇتخانا بىز يۇقىرىدا
تىلغا ئالغان «چىڭ خۋاڭمياۋ» بۇتخانىسى.

مەكتەپنىڭ ئورنى بېكىتىلگەندىن كېيىن، شۇ
يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئابدۇكېرىمخان مەخـ
سۇم باشچىلىقىدا مەكتەپ سېلىش يېتەكچىلىك ھەيـ
ئىتى تەسىس قىلىندى. بۇ ھەيئەت خەلقنى مەكتەپ
قۇرۇلۇشىغا ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە بىر
نەچچە كۈندىن كېيىن مەكتەپ قۇرۇلۇشىدا رەسمىي
ئىش باشلاندى. تۆمۈر شىجاڭ، ئوسمان ئەلىلەر باش
بولۇپ مەكتەپكە ئۇل سېلىش ئەمگىكىگە قاتناشتى.
شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش
باشلاندى. پۇلى بارلار پۇل، پۇلى يوقلار كۈچ چىقىـ
رىپ ئىش باشلانغان بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى بىر

ئايغا قالمايلا پۈتتى. بەزى سىنىپلار يېڭىدىن سېلىنـ
دى، بۇتخانىنىڭ بەزى ئۆيلىرى سىنىپقا مۇۋاپىقلاشـ
تۇرۇلۇپ ئۆزگەرتىلدى، سىنىپ، ئىشخانىلار ئالتە
ئېغىز ئىدى. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مەكتەپ مۇدىـ
رى، يەرلىك ئۆزبېكلەردىن شائىر تۇرغۇنجان بايۋەچـ
چە (تەخەللۇسى تۇلۇئى) ئىلمىي مۇدىر بولدى. ئۆـ
تۈلىدىغان دەرسلەر ئانا تىلى، ماتېماتىكا، يۇرت بىلـ
گىسى (تارىخ ۋە جۇغراپىيە) ، ئەخلاق، تەبىئەت،
دىن، ھىپزى سەھەت (گىگىېنا) قاتارلىقلاردىن ئىباـ
رەت بولدى، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى تارىخ، پەخىردىن
ئەپەندى تىل، يۇسۇپ زىيا ئەپەندى تەنتەربىيە، ماتېـ
ماتىكا ۋە غەزەل، ئەخمەت فەرىد (تاتار) ئەخلاق
دەرسلىرىنى ئۆتۈشنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ كىشىلەرـ
نىڭ زور كۆپچىلىكى چەتئەللەردە ئالىي ۋە ئوتتۇرا
دەرىجىلىك مەلۇمات ئالغان كىشىلەر ئىدى. 1933ـ
يىل 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئابدۇكېرىمخان مەخـ
سۇمنىڭ تار بوغۇزدىكى بېغىدا ئوقۇش باشلاش مۇراـ
سىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا تۆمۈر شىجاڭ، ئوسـ
مان ئەلى، قەشقەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋالىيسى يۇـ
نۇس بەگ، ھاكىم ئەبرار باي ۋە بىر قىسىم مەشھۇر
زىيالىيلار قاتناشتى. مۇراسىمدا ئابدۇكېرىمخان
مەخسۇم، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قاتارلىقلار سۆز قىـ
لىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش مەقسىتى، ئۆتۈلىدىغان
دەرسلەر، ئوقۇغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئۈسـ
تىدە توختالدى. ئاندىن ئۈچىسىغا ماشرەڭ دىگنال
تېرىكىدىن تىكىلگەن گىمناستىيۇركا، كالتە شىم كىـ
يىپ، بېلىنى كەمەر بىلەن باغلىغان، پۇتىغا كۆن
سەندەل، بېشىغا ئىسپانچە شەپكە كىيىپ، بوينىغا
كۆن سومكا ئاسقان، بويىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكىگە
قاراپ رەتلىك تىزىلغان 200 نەچچە تۇنجى ئەۋلاد
پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى يۇسۇپ زىيا ئەپەندىنىڭ
يېتەكچىلىكىدە مۇراسىم مەيدانىغا يېتىپ كەلدى ـ
دە، كۆپچىلىككە گىمناستىكا ۋە باشقا تەنھەرىكەت
نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى، ئاندىن روھلۇق، كۆتۈرەڭـ

گۇ، رىتىملىق ئاۋازدا غەزەل ئوقۇدى.

ئەۋۋەلدە غۇنچە ئىدۇق،
ئەمدى ئېچىلدۇق.
ئەسرى مەكتەپكە كېلىپ،
ئوقۇش باشلىدۇق.
قانچە يىللاپ زۇلمەتتە،
بىزلەر خار بولدۇق.
ئوقۇيالماي ئىرپانغا،
بىزلەر زار بولدۇق.
ئوقۇدۇق مەكتەپتە بىز،
ئالغا باسىمىز.
خەلقىمىزنىڭ باشىغا،
نۇرلار ساچىمىز.
بۇ مۇبارەك يۇرتىمىز،
نۇرى ئىرپاندۇر.
ئىلىم - بىلىم يولىدا،
جانلار قۇرباندۇر،
نەقرات:
ياشىسۇن مەكتەپ!
ياشىسۇن ئىرپان، ياشا!
يوقالسۇن زۇلمەت!
يۇرت بولسۇن بوستان يانا! . . .

دېمىسىمۇ، بۈگۈنكى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى تولىمۇ ھەيۋەتلىك بولغانىدى. ئۇزۇن يىللىق تارىخدا مەدرىس بىلەن ئۇزۇن تونلۇق تالىپلارنىلا كۆرۈپ، بارلىق ئۈمىدىنى ئاشۇ تالىپلارغىلا باغلاپ كەلگەن، يېڭىچە مەكتەپ ۋە بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان قەشقەر خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى بۇ سورۇن قالتىس كاتتا يېڭىلىق تۇيۇلغانىدى. شۇڭا زور كۆپچىلىك كىشىلەر «يېڭىچە مەكتەپ» تىن ئىبارەت بۇ يېڭى شەيئىنىڭ كەلگۈسىدە يۇرت ۋە مىللەت ئۈچۈن نۇرغۇن قابىل بىلىم ئىگىلىرىنى يې- تىلدۈرىدىغان بىلىم ئوچىقى بولۇپ قېلىشىغا چىن قەلبىدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ كۆز يېشى قىلسا، يەنە بەزىلەر ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغان غەزەل ۋە دېكلامات- سىيىنىڭ مەزمۇنىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىل- ماقتا ئىدى. يەنە بەزىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆمرى- دە كۆرۈپمۇ باقمىغان كىيىملەر بىلەن چىرايلىق بې- زەلگىنىنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالمايۋاتاتتى. چۈن- كى بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بايلارنىڭمۇ، نامراتلار- نىڭمۇ باللىرى بار ئىدى. باللارنىڭ چوڭلىرى 14ـ15 ياشتا، كىچىكلىرى 7ـ8 ياشتا بولۇپ، ھەم- مىسى ئوغول ئىدى. (ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر خەلقى خۇراپاتلىق پاتقىقىغا ئىنتايىن چوڭقۇر پاتقان بولۇپ، قىزلارنى مەكتەپكە جەلپ قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى). ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم - كېچەك، دەپتەر- قەلەملىرى شەھەر خەلقى ئىئانە قىلغان پۇلغا تەييار- لانغان بولۇپ، ئۇلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلگەن- دى.

مۇراسىم ئاخىرىدا، مۇراسىم قاتناشچىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى سېخىيلىق بىلەن مەكتەپكە نۇرغۇن پۇل - مال ئىئانە قىلدى (بېرىنچى بولۇپ ساخاۋەت قولىنى ئاچقان كىشى ئوسمان ئەلى ئىدى)، بۇ ئىئانە مەكتەپنىڭ قارا دوسكا، پارتا ۋە باشقا لازىمەتلىكلە- رىنى تولۇقلاش، كەلگۈسىدە قوبۇل قىلىنىدىغان ئو- قۇغۇچىلار ئۈچۈن كىيىم - كېچەك تەييارلاشقا پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

ئەمدى مەكتەپنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە ـ تېخىمۇ كۆپ باللارنى مەكتەپ قوينىغا جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىلىم - ئىرپان نۇرى بىلەن يورۇتۇش ئىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى چىرايلىق توپ (قا- تار) قىلىپ، جەڭگىۋار غەزەللەرنى ئوقۇتۇپ، ھەپ- تىدە 2 ـ 3 قېتىم كوچا ئايلاندۇرۇشنى يولغا قوي- دى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاكىز، رەتلىك كىيىملىرى، پۈتلىرىنى كوماندىغا كەلتۈرۈپ، كۆكرەكلىرىنى تىك

تۈتۈپ «گۈپ -گۈپ» دەسسەشلىرى، يۈرەكلەرنى
تىترىتىدىغان يېقىملىق، شوخ ناخشىلىرى زور كۆپ-
چىلىك ئاتا-ئانىلارنى تەسىرلەندۈردى، بۇنىڭ بىلەن
ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار بەس - بەس بىلەن مەكتەپكە
كىرىشكە باشلىدى. بىراق مۇشۇنداق جۇشقۇن كۈن-
لەردە، يەنى شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۆمۈر
شىجاڭ ماجەنساڭ باشچىلىقىدىكى تۇڭگانلارنىڭ سۈي-
قەستىگە ئۇچراپ قازا قىلدى. قەشقەر يەنە ئۇرۇش
ئوتى ئىچىدە قالدى. مەكتەپنىڭ تەرەققىيات قەدىمىمۇ
ئاستىلاپ قالدى. 1934 - يىل 1 - ئايدا ماجۇڭيىڭ
ئەۋەتكەن تۇڭگانلار قوشۇنى قەشقەرگە يېتىپ كېلىشى
بىلەن، بۇ مەكتەپ 6 ئاي تاقىلىپ قالدى. شۇ يىلى
7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى (جۈمە) مەھمۇت مۇھىتى
قوشۇن باشلاپ قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، ماجۇڭيىڭ-
نى چەت ئەلگە قوغلىۋەتتى. ماخۇسەن شېڭ شىسەي
ھۆكۈمىتىگە بوي سۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قوشۇ-
نىنى خوتەنگە يۆتكەپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردە
تىنچلىق ئورنىتىلدى. مەكتەپتە يېڭىۋاشتىن ئوقۇش
باشلاندى. مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئابدۇكېرىم-
خان مەخسۇم باشلىق بولدى. تۇرغۇنجان بايۋەچچە
مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. مەجبۇرىيەت مائارى-
پى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ياش -قېرى ھەممەيلەن
كەچ كۇرسقا جەلپ قىلىندى. تۇرغۇنجان بايۋەچچە،
نامان ئەپەندىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ مەكتەپتە
مۇزىكا كۇرژوكى تەسىس قىلىندى. يېقىندىلا سوۋېت
ئىتتىپاقىدا ئىسكىرىپكا چېلىش ۋە ياساشنى ئۆگى-
نىپ كەلگەن كومپوزىتور سەمەت ئابدۇللا كۇرژوكقا
يېتەكچىلىك قىلىپ، قۇرۇلغۇسى سانايى
نەفىسە (سەنئەت ئۆمىكى) گە ئاساس ياراتتى. شىن-
جاڭنىڭ تۇنجى ئەۋلاد ئىسكىرىپچىلىرى مانا مۇشۇ
مەكتەپتە تەربىيىلەنگەندى. كۇرژوك قاتناشچىلىرى
ۋە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ زالىدا كومېدىيە
ۋە كونسېرت نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ، يېڭى مائا-
رىپ، يېڭى مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلدى، خۇراپاتلىق-
نى رەھىمسىز تەنقىد قىلدى.

ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش مەركەز قىلىنغان مەدە-
نىي ئاقارتىش ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانسې-
رى سىنىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى
(كۈندۈزى بالىلار، ئاخشىمى چوڭلار ئوقۇغان ئەھ-
ۋالدىمۇ) كېلىپ چىققانىدى. ئاتۇش ئىكساقتىكى
«ھۇسەينىيە» مەكتىپىدىن پەخىردىن شاقاسىم قاتار-
لىق ئوقۇتقۇچىلار يۆتكەپ كېلىنىپ، ئوقۇتقۇچى يې-
تىشمەسلىك مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 1935 - يىلى
بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر بايلار سەپەرۋەرلىككە كې-
لىپ، شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىلا
ئەمەس، ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، يېزا -
كەنتلىرىدىمۇ يۈزلىگەن مەكتەپ، مىڭلىغان سىنىپ
بىنا قىلدى، ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى نەچچە ئون مىڭ
كىشىگە يەتتى. بىراق، يەنىلا ئوقۇتقۇچى كەم ئىدى.
بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قەشقەر شەھىرى-
دىكى بىر قىسىم دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلغارراق خە-
لىپەتلىرى نور بېشى مەكتەپتە بىر مەزگىل تەربىيە-
لەنگەندىن كېيىن، شەھەر ئەتراپىدىكى مەكتەپلەرگە
ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ
مائارىپ ئىشلىرى كۈندىن كۈنگە جۇش ئۇرۇپ راۋاج-
لاندى، بۇ چاغدا نور بېشى باشلانغۇچ مەكتەپ يەنىلا
ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپ بولۇپ قالغانىدى.
تەنھەرىكەت، گىمناستىكا مۇسابىقىلىرىدە شەھەر بو-
يىچە بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەيتتى. بۇ مەكتەپتە
ئاتۇشتىكى ئىكساق مەكتەپنى ئۈلگە قىلىپ، «ئىمز-
چى» (ئىمز باسار) لار ئەترىتى تەشكىللەنگەن بولۇپ،
ئۇلار مەكتەپ ئىچىدە باشلامچى، ئاممىۋى سورۇنلار-
نىڭ تەرتىپىنى ساقلاشتا ئاۋانگارتلاردىن ئىدى. ئۇ-
لارنىڭ كىيىنىشى ئۆزگىچە بولۇپ، دۇمبىسىگە ھەر-
بىيلەرنىڭكىدەك سەپەر تۇگۈنچىكى بىلەن كالتە ساپ-
لىق ئايپالتا تېڭىپ، مۇرىسىگە سۇدان ئېسىۋالاتتى.
ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر كېلىدىغان قىزىل سىرلانغان
«ئىمزچى كالتىكى» نىڭ بىر ئۇچىنى قولىدا مەھكەم

www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ، بىر ئۇچىنى مۈرىسىگە قويۇپ، «ئۆگەن تىرىشىپ، ئىزچى بالىلار، ۋەتەن غېمىدە قاينار ۋىجدانلار» دېگەن «ئىزچى ناخشىسى» نى ياڭرىتىپ، كوچا ئايلىنىدىغان بولسا، روپاش ئاياللارمۇ ئىشىكلىرىنى قىيا ئېچىپ تاكى ئۇلار كۆزدىن غايىپ بولغىچە تەلمۈرۈپ قارىشىپ كېتەتتى.

نوربېشى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ «ئىزچى» لىرى 1936 - يىلى يازلىق تەتىلدە مۇشۇ ناخشىنى ياڭرىتىپ، تۇرغۇنجان بايۋەچچە، يۇسۇپ زىيا ئەپەندىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېپىنچى - سېلىنچىلىرىنى يۈدۈپ، پىيادە سەپەرگە ئاتلىنىپ، چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ، تاغلاردىن ھالقىپ، ئاستىن ئاتۇش، ئۈستۈن ئاتۇش تەۋەسىدىكى مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلدى، ئاندىن غەربكە بۇرۇلۇپ، توققۇزاق، ئوپال، تاشمىلىقلارغا يۈرۈش قىلدى. بۇ قېتىمقى سەپەر ئاتۇش ئېكساقتىكى «ھۈسەينىيە» مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، مەشھۇر مائارىپچى، «ئىزچى» لىق ھەرىكىتىنىڭ يارانقۇچىسى، داڭلىق شائىر مەمتىلى توختاخۇن (تەۋپىق) ئەپەندى، مۇسابايوف ۋە توققۇزاقتىكى تەرەققىيپەرۋەر مائارىپچى ئابدۇللا رازى قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باشلانغانىدى. 40 كۈن ئەتراپىدا داۋام قىلغان بۇ سەپەر «ئىزچى» لارنى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقتۇرۇپلا قالماستىن، مۇھىمى نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. كېيىنچە، ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك «ئىزچى» لار ئەترىتى بارلىققا كەلدى. بارا - بارا ۋىلايەتنىڭ ھەممە يېرىدىكى مەكتەپلەردە «ئىزچى» لار قوشۇنى پەيدا بولدى. بۇ قوشۇن كېڭەيگەنسېرى، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە تېزلەشتى. . .

ئەپسۇس، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قەشقەردە چوڭ تۇتقۇن يۈرگۈزۈپ، تۇرغۇنجان بايۋەچچە، يۇسۇپ زىيا ئەپەندى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى قولغا ئالدى. 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۇلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، جەسىتىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. مۇشۇ قانلىق قىرغىندىن كېيىن، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار سودىگەر، ھۈنەرۋەن، كاسىپ بولۇۋالدى. تاكى 1950 - يىلىغا قەدەر بۇ مەكتەپ دەم ئاۋاتلىشىپ، دەم چۆللىشىپ تۇردى. قىسقىسى، ھەر قېتىملىق ھاكىمىيەت ئالمىشىش بۇ مەكتەپكە ئوخشاشمىغان گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش ئېلىپ كەلدى. شۇنداقتىمۇ بۇ مەكتەپ ئۆز قوينىدا نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈردى. ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ مەكتەپ ئىزچىل تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى؛ سىنىپ - ئىشخانىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىندى، يېڭىلاندى. ھازىر ئۈچ قەۋەتلىك بۇ مەكتەپتە 1000 نەچچە ئوقۇغۇچى خاتىرجەم ئوقۇماقتا.

ۋىلايىتىمىزدىكى تۇنجى مەرىپەت بۆشۈكى - نوربېشى باشلانغۇچ مەكتەپ (ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپ) دۇنياغا كۆز ئاچقان 55 يىلدىن بۇيان، بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقاي مۇساپىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، ئالدى بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ قۇرغۇچىلىرىنى چوڭقۇر سېغىنىپ ئەسلەيمىز. بۇ يولدا ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزغان تۇنجى ئەۋلاد زىيالىيلىرىمىز تۇرغۇنجان بايۋەچچە، يۇسۇپ زىيا ئەپەندى قاتارلىق قۇربانلارنىڭ روھىغا؛ جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بۈگۈنگىچە بوغۇنلارنى ئىلىم - مەرىپەت سۈيى بىلەن سۇغىرىۋاتقان بارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا سەممىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز! بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئېلىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرى ئۈچۈن ياراملىق ئىز باسارلاردىن بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

تەھرىرلىگۈچى: جەمىلە ئابلا

# ئۇيغۇرلاردىكى نۇردىن تۆرىلىشكە دائىر تۇنجى ئەپسانە


**ئۆمەرجان نۇرى**

(خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىدىن)


دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس سىرلىق ئەپسانىلىرى بار. بۇ ئەپسانىلەردە قەدىمكى زاماندىكى خەلقلەرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان ساددا چۈشەنچىلىرى ۋە گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى ئىلاھلاشتۇرۇلغان ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مۇنداق ئەپسانىلەرنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى ئىنسان بالىسىنىڭ نۇردىن تۆرىلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانىدۇر.

تۈركىي تىللىق خەلقلەردە قەھرىمانلارنىڭ نۇردىن تۆرىلىشكە دائىر ئەپسانىلەر خېلى كۆپ. بۇ ئەپسانىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى.

ئۇيغۇرلاردىكى ئوغۇزخان، بۆكۈخان ۋە ئەرگەنەقۇن ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ئومۇمىي تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەپسانىلەرنىڭ يازما تارىخقا ئېلىنىشى 10 - ئەسىردىن كېيىنكى ئىش بولغاچقا، بۇلار يەنىلا ئەڭ دەسلەپكى يازما مەلۇمات ھېسابلانمايدۇ. بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزچە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يازما خاتىرىگە ئېلىنغان ئەنلۇشەن ھەققىدىكى خاتىرە تۈركىي خەلقلەردىكى نۇردىن تۆرىلىشكە دائىر ئەڭ دەسلەپكى يازما خاتىرە ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئەينى زاماندا ئەن لۇشەنگە زامانداش بولۇپ ئۆتكەن مۇلكىي ئەمەلدار ياۋرۇنىڭ ئەينى چاغدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەم تەكشۈرۈپ تەھقىقلىگەن ماتېرىياللارنى توپلاپ ئۈچ جىلدلىق «ئەن لۇشەن قىسسىسى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەن لۇشەن ھەققىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپلا قالماي، ئەن لۇشەننىڭ جەمەتى - نەسەبى ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭگو تارىخىدا ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرگەن سۇلالىلەرنىڭ بىرى بولغان تاڭ سۇلالىسىدە 755 - يىلى ئەن لۇشەن، شى سىمىڭ توپىلىڭى پارتلىدى. سەككىز يىل داۋاملاشقان يېغىلىقتا جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران بولدى. تاڭ سۇلالىسىمۇ زاۋاللىققا يۈزلەندى. توپىلاڭنىڭ باشلىقى ئەن لۇشەن ھەققىدە كېيىنكى چاغلاردا يەنى خانلار ئالمىشىپ، سۇلالىلەر يەڭگۈشلەنگەندىن كېيىنكى زامانلاردا يېزىلغان «كونا تاڭنامە» «يېڭى تاڭنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەردە مەخسۇس تەرجىمىھاللار تۇرغۇزۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەن لۇشەننىڭ زامانىدىشى ياۋرۇنىڭ يازغان «ئەن لۇشەن قىسسىسى» بۇ ھەقتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

مەزكۇر كىتابتىكى ئەن لۇشەننىڭ نەسەبى ۋە تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى ئەپسانە مۇنداق:

«ئەن لۇشەن يىڭجۇلۇق شالغۇت غۇزلاردىن بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ئاتلاغسان. ئۇنىڭ ئاتىسى تۈركلەرنىڭ ئاشىدېل ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئەسلىدە بىر پېرىخۇن ئىكەن. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، ئاتلاغسان

(داۋامى 53 - بەتتە)

# ئۈرۈمچىدىكى «دۆڭكۆۋرۈك» ۋە «ئەرداۋچياۋ» ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە

ئابدۇراۋۇپ ئابدۇللا

(«شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن)

ئۈرۈمچىدىكى «دۆڭكۆۋرۈك» دېگەن نام ھەمە-مەيلەنگە — ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسىگە، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە ھەتتا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدى-كى ساياھەتچىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ قالدى.

مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ 50نەچچە يىل ياشاپ، دۆڭكۆۋرۈكنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلگەن شاھىت بولۇش سۈپىتىم بىلەن «دۆڭكۆۋرۈك» ھەققىدىكى خاتىرىلەر ھەمىشە كۆز ئالدىمدا كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈپ تۇرىدۇ.

ئەينى يىللاردا ھازىرقى دۆڭكۆۋرۈكتە لىم - چەڭزە ئۈستىگە شاخ - شۇمبا، سامان - توپا، شېغىل بېسىپ ياسالغان، يولدىن خېلىلا ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىدى. «دۆڭكۆۋ-رۈك» دېگەن نام ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ نامنىڭ قاچاندىن باشلاپ دۇنياغا كەلگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ، ئەڭ قىسقا بول-غاندا 100 يىلدىن كەم ئەمەس، دەپ قىياس قىلى-مەن. شۇنىسى مۇقەررەركى، بۇ نامنىڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار دەپ ئويلايمەن.

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا ئۈرۈمچى شە-ھىرىنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىپ يەنئەن يولى، داۋان مەھەللىسى، سودا مەكتىپىنىڭ شەرقىي تېمىنى بوي-لاپ «ئىتتىپاق» يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، سابىق چاي-دان زاۋۇتىنىڭ شەرقىي تام پاسىلىنى بويلاپ غەربكە بۇرۇلۇپ مەھەللە ئارىلاپ ئېقىپ، ئۇدۇل دۆڭكۆۋ-رۈكتىكى تۇرپان مەسچىتىنىڭ شىمالىي تېمىنى بوي-لاپ، 1- يول (ئازادلىق يولى) نى كېسىپ ئۆتۈپ، دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدىكى گىلەم دۇكانلىرىنىڭ ئورنى-دىكى ئۆستەڭ ئارقىلىق ئېقىپ «بوغدا يولى» دىن ئۆتۈپ، «خەلق مۇنچىسى» نى ئايلىنىپ، ساي يولى-دىكى ئۈرۈمچى دەرياسىغا (ھازىرقى «تىنچلىق ئۆس-تىڭى» نىڭ ئورنىدا) قۇيۇلىدىغان، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى ئىككى - ئۈچ مېتىر ئەترا-پىدا كېلىدىغان بىر ئۆستەڭ بار ئىدى. ئەينى يىللاردا ئۈرۈمچىدە قىشتا قار كۆپھەم قېلىن ياغاتتى. ھەر يىلى ئەتىيازدا ئېرىگەن قار - مۇز سۇلىرى ۋە ياز كۈنلىرى ياغقان يامغۇر سۇلىرى مەھەللىلەرنى ئارىلا-پ، مۇشۇ ئۆستەڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچى دەرياسىغا قۇ-يۇلاتتى. دېمەك، بۇ ئۆستەڭ ئەسلىدە شەھەر ئىچىدە يىغىلىپ قالغان سۇلارنى چىقىرىۋېتىش رولىغا ئىگە ئىدى. ئەنە شۇ ئۆستەڭنىڭ ھازىرقى «ئازادلىق يو-لى» بىلەن كېسىشكەن جايىدا (تۇرپان مەسچىتىنىڭ غەربى ۋە دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرىنىڭ شەرقىدىكى چوڭ يولنىڭ ئۈستىدە) لىم - چەڭزە ئۈستىگە شاخ-شۇمبا، پاخال - توپا بېسىپ ياسالغان، كەڭلىكى ئىككى - ئۈچ مېتىر كېلىدىغان بىر كۆۋرۈك بار ئىدى. شىمالدىن جەنۇبقا بارىدىغان ياكى جەنۇبتىن شىمالغا بارىدىغان ھەمدە شەھەر ئىچىنى كېسىپ ئۆ-تىدىغان ماشىنا - ھارۋىلار چوقۇم مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەتتى. كېيىن «ئازادلىق يولى» غا ئاسفالت ياتقۇ-زۇلغاندا، بۇ كۆۋرۈك بىتوندىن ياسىلىپ يول تۈزلەن-گەن بولسىمۇ، كىشىلەر يەنىلا ئەسلىدىكى «دۆڭكۆۋ-



رۇك» دېگەن نامنى قوللىنىپ كەلدى. 70 - يىللاردىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەر ئاستى ئەۋرەز يوللىرىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن بۇ ئۆستەڭ ۋە كۆۋرۈكلەرنىڭ رولى قالمىدى. ئۆستەڭمۇ تىنىپ يوقالدى. كۆۋرۈكنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىدى. پەقەت بۇ ئۆستەڭنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە «بوغدا كۆلى يولى» دىكى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن يولنى توغرا كېسىپ «خەلق مۇنچىسى» تەرەپكە ئۆتىدىغان ئۆستەڭ كۆۋرۈكىنىڭ يالدامىسى — كىچىككىنە بىر دۆڭ ھازىرمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا.

ئەمدى «ئەرداۋچىياۋ» دېگەن نامغا كەلسەك، ئۇ «دۆڭكۆۋرۈك» نىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىدىنلا ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى نام بىر يەرنىڭ ئىككى خىل تىلدا ئاتىلىشىدۇر، خالاس.

20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى جەنۇبىي قوۋۇق(شەھەر سېپىلى دەرۋازىسى — نەنمېن) تىن باشلاپ ئۇچتاشقىچە بولغان كونا شەھەر رايونىدا ئاساسەن دېگۈدەك ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقانىدى. قوۋۇققا يېقىن بولغان سەنشىلىكلەر مەھەللىسى (سەنشىخاڭزا) ئەتراپىدا بىر قىسىم خۇيزۇلار بار ئىدى. شەھەر ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلار جەنۇبىي قوۋۇقتىن چىقىپ چوڭ تاش يولنى (ھازىرقى 1 - يول ئازادلىق يولى) بويلاپ مېڭىپ كونا شەھەرگە كىرىشتە، ئالدى بىلەن ھازىرقى سەنشىخاڭزا سودا سارىيى ئالدىدىكى چوڭ تۆت كوچا ئېغىزى ( 道口 ) دىن ئۆتۈپ داۋاملىق جەنۇبقا ماڭسا، 2 - چوڭ تۆت كوچا ئېغىزى( 二道口 ) غا كېلەتتى. نەق مۇشۇ تۆت كوچا ئوتتۇرىسىدا دۆڭكۆۋرۈك بولغاچقا، ئۇلار بۇ يەرنى خەنزۇچە «2 - چوڭ تۆت كوچىدىكى كۆۋرۈك مەھەللىسى» دېگەن مەنىدە قىسقارتىپ « 二道桥 » (ئەرداۋچىياۋ) دەپ ئاتاشقان.

دېمەك، ئۇيغۇرلار بۇ يەرنى يەر شەكلىنى ئاساس قىلىپ «دۆڭكۆۋرۈك» دەپ ئاتاشسا، خەنزۇ، خۇيزۇلار جۇغراپىيىلىك ئورنىنى ئاساس قىلىپ «ئەرداۋچىياۋ» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. بۇ ئاتاش ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

تەھرىرلىگۈچى: سابىر ئەلى

---

(بېشى 51 - بەتتە)

تەڭرىسىگە تېۋىنىپتۇ، ئەن لۇشەن مانا مۇشۇ تەڭرىدىن ئاپىرىدە بوپتۇ. ئەن لۇشەن تۇغۇلغان كېچىسى ئالەم قىزىل نۇرغا پۈركىنىپتۇ، ئەتراپتىكى ھايۋانلار ھۇۋلاپ- ھۆكىرىشىپ كېتىپتۇ، كۆككە قاراپ تۇرغانلار ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچقۇنلارنىڭ (ئانا ياتقان) چېدىر ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئاجايىپ ئىش خېلى بىر مەزگىللەرگىچە داۋاملىشىپتۇ. ئانا بۇنى تەڭرىنىڭ كارامىتى دەپ قاراپ تۇغۇلغان ئوغۇلغا ئاتلاغسان دېگەن تەڭرىنىڭ ئىسمىنى قويۇپتۇ. تۈركلەر ئۇرۇش تەڭرىسىنى ئاتلاغسان دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ دادىسىدىن كىچىك يېتىم قالغاچقا، ئانىسى بىلەن تۈركلەر ئارىسىدا چوڭ بوپتۇ».

مانا مۇشۇنىڭدىن كېيىنكى بايانلار ئەن لۇشەننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى، ئۇرۇشلاردا تاۋلىنىپ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىشى ھەمدە تاڭ سۇلالىسىدە مۇھىم ھەربىي ئەمەلدار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ توپىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە باستۇرۇلۇش جەريانلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئەن لۇشەننىڭ نەسەبى ۋە تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى بۇ ئەپسانە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىشۇناسلىقىدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ بىرى. بولۇپمۇ ئەن لۇشەننىڭ نۇردىن تۆرىلىشى ۋە تۈركلەرنىڭ ئۇرۇش تەڭرىسىنى «ئاتلاغسان» دەپ ئاتايدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات مۇشۇ توغرىدىكى يېگانە ئۈچۈر ھېسابلانسا كېرەك.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم يەر نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

## قارا قوزۇق

كۆيا يېزىسىدا قارا قوزۇق دېيىلىدىغان بىر كەنت بار. ئابدۇللاخۇن مۇنداق بىر ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ: شاھ مەشرەپ يۇرت كېزىپ بۇ يەردىن ئۆتكەندە، ھېرىپ قېلىپ ھاردۇق ئالماقچى بوپتۇ، لېكىن بۇ يەر يېڭى ئۆزلەشتۇرۇلگەن يەر بولغاچقا، ئاندا - ساندا ئادەم ئولتۇراقلاشقانىكەن. شاھ مەشرەپ ھاردۇق ئالىدىغان نە سايە، نە ئېشىكىنى باغلاشقا قوزۇق تاپالماي تۇرغاندا، بىر ئۆيدىن بىر ئايال چىقىپتۇ. شاھ مەشرەپ ئايال بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن:

- ئېشىكىمنى باغلايدىغان بىرەر قوزۇقتەك نەرسە بەرگەن بولسىلا، مەن بىر دەم ھاردۇق ئېلىۋالسام، - دەپتۇ.

ئايال تونۇر بېشىدا تۇرغان بىر دانە كۆسەينى ئېلىپ چىقىپ بېرىپتۇ. شاھ مەشرەپ بۇ چالا كۆيگەن كۆسەيگە بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، يەرگە قېقىپ ئېشىكىنى باغلاپتۇ ۋە:

- بۇ بىر قارا قوزۇق ئىكەن، بۇ يۇرتنىڭ نامى «قارا قوزۇق» بولسۇن، - دەپ دۇئا قىپتۇ. شاھ مەشرەپ كەتكەندىن كېيىن ئايال بۇ گەپنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھ مەشرەپنى ئەۋلىيا دەپ قارىغان خەلق «قارا قوزۇق» دېگەن نامنى ئۇلۇغلىشىپ يۇرت نامى قىلىپ قوللىنىپتۇ.

## تەلۋىلەر

كۆيا يېزىسىدا تەلۋىلەر دەيدىغان بىر كەنت بار. تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى بۇ جايدا توختى غوجىكام ئىسىملىك مىسكەر ياشىغانىكەن. جامائەت ئىچىدە يۈز - ئابرويلۇق بۇ كىشىنىڭ بىر قىزى چىرايلىق چوڭ بوپتۇ. بۇ قىز بىلەن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلغان يىگىتلەردىن بىرسى توختى غوجىكامنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەيمىنىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، قىزنىڭ سىرتقا چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ يولدا ناخشا ئېيتىپ مېڭىپتۇ. توختى غوجىكام بۇ يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ:

- مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ناخشا ئېيتىشىڭدىكى غەرىزىڭ نېمە؟ - دەپ سوراق قىلىپ بالداق بىلەن بىر نەچچىنى ئۇرۇپتۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر توختى غوجىكامنىڭ يولسىزلىقىدىن نارازى بولۇپ:

- ئۆتۈپ كەتكەن تەلۋە ئادەمكەن بۇ، - دېيىشىپتۇ. توختى غوجىكامغا سىڭىپ قالغان بۇ لەقەم ئەينى يىللاردىن باشلاپ، بۇ مەھەللىنىڭ، كېيىنچە كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

تەلۋىلەر دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا يەنە مۇنداق پاراڭلارمۇ بار. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە بىر جەمەتلىك بەش - ئالتە ئائىلىلىك كىشىلەر ياشىغان ئىكەن. بۇلار ئۆز ئارا ئىناق ئۆتمەي كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ جېدەللىشىدىكەن، قوشنا مەھەللىدىكىلەر بىلەنمۇ سۇ ياكى پاسىل تالىشىپ دائىم ئۇرۇش ماجىرا قىلىدىكەن. يولسىزلىق قىلغانلىقى ئىسپاتلىنىپ يۇرت چوڭلىرىدىن تەنقىد - تەنبىھ ئاڭلىسا قايىل بولماي زوكۇنلىشىدىكەن ھەم ماجىرادىن باش تارتمايدىكەن. بىر كۈنى قوشنا مەھەللىدىكىلەر بۇلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. يۇرت چوڭلىرى:

- ئەسكىگە بىر قوشۇق قويۇپ بەرگۈلۈك، ئۇ تەلۋىلەر بىلەن تەڭ بولماڭلار، - دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جېدەلخورلارغا قويۇلغان «تەلۋىلەر» دېگەن لەقەم يۇرت - مەھەللىنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

## شېكەر قومۇش

ئازادلىقتىن بۇرۇن هازىرقى كۇيا يېزىسىنىڭ ئاچچىغۆي دېگەن يېرىدە مەنسۇر ئاخۇن ۋە غوجاخۇن ئىسىملىك ئىككى ئائىلىلىك كاتتا باي ياشايتتى. بۇلارنىڭ نەچچە مىڭلاپ قوي - ئۆچكىلىرى، ئات - كالىلىرى بار ئىدى. چارۋىلىرىغا قىشلىق يەم - خەشەك توپلىشىش ئۈچۈن بۇ بايلار ھەر يىلى ئۆزىنىڭ يىللىقچىلىرىنى قومۇش - يانتاق چېپىشقا ئەۋەتەتتى. 1941 - يىلى كۈزدە مەنسۇر ئاخۇن باينىڭ يىللىقچىلىرى مەغرىب تەرەپتىن، غوجاخۇن ھاجىمنىڭ يىللىقچىلىرى مەشرىق تەرەپتىن قومۇش ئوراپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

- سىلەر كىمدىن سوراپ بىزنىڭ قومۇشلۇقىمىزغا كەلدىڭلار؟

- بۇ قومۇشلۇق قاچاندىن باشلاپ سىلەرنىڭ بولۇپ قالغان؟ - دېگەندەك سوراق - سوئاللارغا ئۇلىنىپ ئىككى تەرەپ سوقۇشۇپ قالىدۇ. بارا - بارا جېدەل ئۇلغىيىپ ئىككىلا تەرەپتىن بىر نەچچە كىشىنىڭ كاللا - قاپاقلىرى يېرىلىپ پۇت - قوللىرى سۇنىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان جامائەت:

- ئەخمەقلەر قومۇش تالىشىپ سوقۇشقان بارمۇ؟

- بۇ يەرنىڭ قومۇشى تاتلىقمىكەن؟

- شېكەر قومۇشى ئىكەن، - دېيىشىپ بۇلارنى ئەيىبلىشىدۇ.

1958 - يىلى «نۇرلۇق» گۇڭشېسى رەھبەرلىكى 2000 دېھقاننى يۆتكەپ كىرىپ، بۇ ئېگىز - پەس قومۇشلۇقنى تۈزلەپ زىرائەت تېرىشقا تەشكىللىدى. 1964 - يىلى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئولتۇراقلاشقان ئائىلە 1200گە، نوپۇس 5000دىن كۆپرەككە يەتتى. 19 مىڭ مو يەر باغۇ - بوستانلىققا ئايلاندى. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى 1975 - يىلى «شەرق شاملى» گۇڭشېسىغا تەۋە قىلىندى. قومۇش جىدىلى بولغان ھېلىقى يەر 6 - باشقۇرۇش رايونىنىڭ 4 - دادۈيى بولدى. 1984 - يىلى گۇڭشې يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندە پېشقەدەملەرنىڭ ئەينى چاغدىكى جېدەلنى سۆزلەپ، تەكلىپ بېرىشىگە ئاساسەن، بۇ يەرنىڭ نامى «شېكەر قومۇش» دەپ مۇقىمدالدى.

## مىللەت ئېرىقى

ئۇرچى يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە «مىللەت ئېرىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. بۇ غەلىتە ئاتالغۇ قانداق كېلىپ چىققان؟

1947 - يىلى زاۋا يېزىسىنىڭ خوتەن كەنتىدىكى دېھقانلار ئېرىق چېپىۋېتىپ كۆمۈلۈپ قالغان ياغاچ قوغاچنى ئۇچرىتىپتۇ. بىر نەچچەيلەن قوغاچنى كۆتۈرگەنىكەن، قوغاچنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمى ئاجرىلىپ چىقىپتۇ، ئاستىنقى يېرىمىدا بىر جەسەتنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، كىشىلەر چۆچۈپ كېتىپتۇ. جەسەت كىگىز قالپاق، يۇڭ توقۇلمىدىن تون كىيگەن بىر ئەر كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا قىلىچ، ئوقيا، كۈمۈش جام بار ئىكەن (ياشانغانلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇرۇنقى زامانلاردا بۇ يەردە قانلىق جەڭ بولغانىكەن).

كىشىلەر بۇ جەسەتكە قاراپ:

- بۇ بىزنىڭ مىللىتىمىزدىن ئەمەسكەن.

- باشقا بىر مىللەتنىڭ ئادىمى ئىكەن، قايسى مىللەتتىن بولغىيدى؟ - دېيىشىپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى:

- بىزنىڭ ئېتىزىمىزغا مىللەت ئېرىقىدىن سۇ كېلىدۇ.

- مىللەت ئېرىقىنىڭ قېشىنى ئېگىزلەيدىغان بولدۇق.

- مىللەت ئېرىقىنىڭ بويىغا جىرىم سالىمىز، - دېگەندەك گەپلەر بىلەن «مىللەت ئېرىقى» دېگەن ئاتالغۇ كىشىلەر تىلىغا ئۆزلىشىپ قاپتۇ. خوتەن كەنتىنىڭ ئايىغى يانتاق - قومۇشلار ئۆسكەن بىپايان قومۇشلۇق ئىدى. 1959 - يىلى «جىددىي ئىلگىرىلەش» گۇڭشېسى (ھازىرقى زاۋا يېزىسى) دېھقانلارنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىپ، ئالتە كەنتتىن تەركىب تاپقان دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى. خوتەن كەنتىدىكى «مىللەت ئېرىقى» نىڭ داۋامىنى چېپىپ، سۇ باشلاپ كېلىپ، بۇ ئېرىقنى يەنىلا «مىللەت ئېرىقى» دەپ ئاتىدى. 1975 - يىلى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى «شەرق شاملى» گۇڭشېسىغا تەۋە قىلىندى. 1984 - يىلى مۇ كەنت ئاشۇ ئېرىقنىڭ نامى بىلەن «مىللەت ئېرىق كەنتى» دەپ ئاتالدى.

(داۋامى 63 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قوغۇرسۇ ئالتۇن ۋە ئۇنىڭ جەمەتى

ئىسمائىل مەخلىك

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىدىن)

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى گۈللىنىش ۋە-
زىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەينى مەزگىلدىكى
ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق قان- تەر ئاققۇزغان. .
. ئېنىقكى، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ جۇڭگو تارىخىغا
قوشقان تۆھپىلىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان داڭ-
لىق شەخسلەر ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، بۇنى
ئەينى زاماندىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ تارىخشۇ-
ناسلىرىمۇ يوشۇرۇپ قالماستىن، تارىخ سەھىپىلىرى-
گە يېزىپ قالدۇرغان. ئېلىمىزنىڭ دۇنياغا مەشھۇر
تارىخ خەزىنىسى «24 تارىخ» تا بۇ ئەھۋال روشەن
ئىپادىسىنى تاپقان.

550 ـ يىللىرى جۇڭگودا بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۈچ ھاكىمىيەت ئىچىدە شىمالىي
چى پادىشاھلىقى ئەڭ باي، زېمىنى ئەڭ چوڭ ھەم
ئەڭ كۈچلۈك ھاكىمىيەت ئىدى. شىمالىي چى پادى-
شاھلىقىنىڭ بۇنداق قۇدرەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولالى-
شىنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن ئىبا-
رەت ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە بولغانلى-
قىدىن باشقا يەنە، ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
بىر تۈركۈم يارامىلىق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، پاك ـ
دىيانەتلىك كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قا-
راشقا بولمايدۇ. قوغۇرسۇ ئالتۇن ۋە ئۇنىڭ جەمەتى
شۇلار ئىچىدىكى ئەڭ تىپىك شەخسلەر ھېسابلىنىدۇ.

قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئىسمى ئالتۇن بولۇپ، ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئىچكى توققۇز قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان
قوغۇرسۇ قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن قو-
غۇرسۇ ئالتۇن دەپ ئاتالغان. قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ
ئۇلۇغ بوۋىسى بەگقۇلى شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقى
مەزگىللىرىدىلا چېگرا ئەتراپلىرىدا پالۋانلىق ھەم با-
تۇرلۇق بىلەن نام چىقارغان، كېيىن ئۇ ئۆزىگە قا-
راشلىق ئاھالىلەر (تېلى قەبىلىلىرى) نى باشلاپ ئىچ-
كى رايونغا كەلگەن. ۋېي پادىشاھلىقى ئۇنىڭغا گۈڭ-
لۇق ئۇنۋانىنى بەرگەن. قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ بوۋىسى
پانتېكىن ئوردا دىۋانبېگى مەنسىپىدە ئولتۇرغان. قو-
غۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئاتىسى داناغۇي كېڭەش بېگى، بە-
رىنچى سەردار ئاقساقال (ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئەڭ ئا-
لىي ھۆكۈمدارى) قاتارلىق مەنسەپ ۋە ئۇنۋانلارغا
ئېرىشكەن.

ھۇنلاردىن پۇلۇخانبالىن ئىسيان كۆتۈرگەن
مەزگىلدە قوغۇرسۇ ئالتۇن بىر مەزگىل ئۇنىڭ قول
ئاستىدا تۇرغانىدى. پۇلۇخانبالىن قوغۇرسۇ ئالتۇنغا
ۋاڭلىق مەنسىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سى-
ياسىي جەھەتتە بىر قەدەر يىراقنى كۆرەلىگەنلىكى
ئۈچۈن، پۇلۇخانبالىننىڭ ئۇزاققا قالماي مەغلۇب بو-
لىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىپ، ئۆزىگە قاراشلىق 10
مىڭ ئائىلىنى باشلاپ يۇنجۇ ئايمىقىغا كېلىپ، ۋېي
پادىشاھلىقىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتى-
بارەن قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ مەنسىپى ئارقا ـ ئارقىدىن
ئۆسۈپ، مەرتىۋىسىمۇ ئۆرلەشكە باشلايدۇ. 528 ـ



يىلى ۋېي پادىشاھى شياۋجۇاڭدى تەختكە چىققاندا، قوغۇرسۇ ئالتۇنغا فۇچېڭ ناھىيىسىنىڭ تۆرىسى ئۇنۋانى بېرىلىپ، شىمالنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى سانغۇن، چەۋەندازلار چاۋۇشبېشى ( باش تۇتۇق ) قاتارلىق مەنسەپلەرگە تەيىنلىنىدۇ ھەمدە ئۇرۇشتا كۆپ قېتىم تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، جەنۇبنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلىدۇ.

ئەينى ئېرجۇرۇڭ قاتارلىقلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. 531 - يىلى گاۋخۇەن ئېرجۇرۇڭنىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىپ، شياۋۋېندىنىڭ نەۋرىسى يۈەن شيۇنى قورچاق پادىشاھ قىلىپ تىكلەيدۇ.

بۇ چاغدا قوغۇرسۇ ئالتۇنمۇ گاۋخۇەننىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان شەخسكە ئايلانغانىدى. گاۋخۇەن ئۇنى دەسلەپىدىلا شىندۇ شەھىرىنى ساقلاشقا قويۇپ، خېڭجۇ، يۇنجۇ، يەنخۇ، شۇجۇ، سيەنجۇ، ۋە ۋېيجۇدىن ئىبارەت ئالتە ئايماقنىڭ باش تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىدى. قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ھەربىي ماھارىتى ئاجايىپ ئۈستۈن بولۇپ، ھەرقانداق جەڭدە مۇۋەپپەقىيەت قازانماي قالمايتتى. بۇ ھەقتە «شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى. قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ تەرجىمىھالى» دا: قوغۇرسۇ ئالتۇن ئاتقا مىنىپ ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولۇپ، جەڭگە كىرگەندە ھۇنلارنىڭ ئۇرۇش سەنئىتىنى ئىشلەتتى، كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزاڭغا قاراپ، قارشى تەرەپنىڭ قانچىلىك ئاتلىق ئەسكىرى، قانچىلىك پىيادە ئەسكىرى بارلىقىنى بىلەتتى. يەرنى پۇراش ئارقىلىق قوشۇنلارنىڭ قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيتتى، دەپ يېزىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ مەرتىۋىسى داۋاملىق ئۆسۈپ كېڭەش بېگى بولدى. مىلادىيە532 - يىلى مەرتىۋىسى بەگلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ جەرياندا غەربىي ۋېي پادىشاھلىقى ۋە روران ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئالاھىدە تۆھپە كۆرسىتىپ، باش ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلىنىپ، مەرتىۋىسى ئەمىرلىككە كۆتۈرۈلدى. ئۆز قەبىلىسى ئىچىدە بولسا بىرىنچى سەردار ئاقساقاللىققا ئۆستۈرۈلدى. 546 - يىلى گاۋخۇەن ئۇنى باش ھەربىي ۋالىيلىققا ئۆستۈرۈلدى. كېيىن گاۋدىڭ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان مەزگىللەردە، قوغۇرسۇ ئالتۇن خۇجېڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا قاتنىشىپ، يىياڭدا ياڭجى، بەيجيا، خۇيەندىن ئىبارەت 3 مۇداپىئە قەلئەسىنى ياساتتى. گاۋياڭ شەرقىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىمالىي چى پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى بولغاندا، قوغۇرسۇ ئالتۇن شيەنياڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشتى. 552 - يىلى ئۇ خەلپەت بەگ بولۇپ تەيىنلەندى. 553 - يىلى قوغۇرسۇ ئالتۇن يەرلىك ئورۇندىن ئايرىلىپ جىنياڭغا قايتىپ كەلگەندە، پادىشاھ گاۋياڭ ئۇنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلدى. خانىش، خان ئايىملار ۋە ھەرقايسى ۋاڭلارمۇ بىللە كېلىپ، بىر كېچە نەغمە - ناۋا قىلىشتى. پادىشاھ گاۋياڭ قوغۇرسۇ ئالتۇنغا: «سىز دۆلەتنى بەرپا قىلىش ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇشتا غايەت زور تۆھپە قوشقان كىشى، ئاتا - بالا ھەممىڭلار دۆلەتكە سادىقلىق بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ كەلدىڭلار، شۇڭا مەن سىز بىلەن قۇدا بولۇشۇپ، دۆلىتىمىزنى بىرلىكتە قوغدايدىغان مەڭگۈلۈك يېقىن تۇغقانلاردىن بولۇشنى لايىق تاپتىم» دېدى ھەمدە شۇ ھامان ئۆز قىزى مەلىكە يىنىڭنى قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ نەۋرىسى قوغۇرسۇ ئۇدۇغا ياتلىق قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قوغۇرسۇ جەمەتى پادىشاھنىڭ يېقىن تۇغقىنى قاتارىغا ئۆتتى. كېيىن رورانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا قوغۇرسۇ ئالتۇن كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ، دەسلەپىدە ئوڭ قول ۋەزىرلىككە، كېيىندىنلا سول قول ۋەزىرلىككە ئۆستۈرۈلدى. گاۋيەن (سۇزۇڭ) پادىشاھ بولغاندا قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ نەۋرە قىزىنى ۋەلىئەھدىگە بانۇلىققا ئېلىپ بېرىدۇ. گاۋجەن پادىشاھ بولغاندا قوغۇرسۇ ئالتۇنغا تېخىمۇ چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئالاھىدە ئۇلۇغلايدۇ شۇنداقلا ئۇنىڭ يەنە بىر نەۋرە قىزىنى ۋەلىئەھدىگە بانۇلىققا ئېلىپ بېرىدۇ. قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ چوڭ ئوغلى قوغۇرسۇ يارۇق ئۇلۇغ سانغۇن بولىدۇ. ئىككىنچى ئوغلى قوغۇرسۇ شيەن، نەۋرىسى قوغۇرسۇ ئۇدۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەھكىمىدە ئەمىر دەرىجىلىك ئالىي مەنسەپلەرگە ئولتۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

باشقا ئوغۇل نەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسىگە بەگلىك مەرتىۋىسى سۈيۈرغال قىلىنىدۇ. «شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى. قوغۇرسۇ ئالتۇن تەرجىمىھالى» دا: «بۇ ئائىلىدىن بىر خانىش، ئىككى بانۇ چىققان، پادىشاھنىڭ ئۈچ مەلىكىسى بۇ ئائىلىگە ياتلىق قىلىنغان بولۇپ، يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش جەھەتتە ھېچقانداق بىر ئائىلە بۇ ئائىلىگە يەتمەيتتى» دەپ يېزىلغان، لېكىن قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ مەنسەپ ۋە مەرتىۋىسى ھەرقانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ باشتىن ئاخىر پاك - دىيانەتلىك بولۇش، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقتىن خالىي بولۇش، ئەيش- ئىشرەت، كەيپ - ساپاغا بېرىلمەسلىك، ئۆز خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇلىيەتچان بولۇش جەھەتلەردە ئۆز زامانىسىدا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانىدى.

قوغۇرسۇ ئالتۇن مىلادىيە567 - يىلى 80 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. پادىشاھ گاۋجىيەن كۇن پېتىش زالىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. كېيىن ئاخىرقى پادىشاھ گاۋۋېي جىنياڭ سارىيىدا يەنە بىر قېتىم تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئالتۇندىن ياسالغان شاھانە ئايپالتا تەقدىم قىلىدۇ. شۇنداقلا دەستەكدار ئەمىر، سۇ، دىڭ، جى، بىڭ قاتارلىق 12 ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل باش تۇتۇق، باش ۋەزىر، ئەمىر لەشكەر، پۈتۈكچى دىۋان بېگى، سۇجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى قاتارلىق ناملارنى بېرىدۇ. بۇرۇنقى ئاقساقاللىق ۋە ۋاڭلىق نامىلىرى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىنىدۇ. مىليون سەر پۇل ئىنئام قىلىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىنكى ھۆرمەت نامى ئەلەمدار قوغۇرسۇ ( 武 ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى قوغۇرسۇ يارۇق ۋارىسلىق قىلىدۇ.

قوغۇرسۇ يارۇق ( 光 ) نىڭ تەخەللۇسى ئاي يارۇق ( 明 月 ) ئىدى. ئۇمۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئائىلىدە تەربىيە كۆرگەن بولۇپ، ئات مىنىپ ئوقيا ئېتىش ۋە چامباشچىلىق ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى جەھەتتە ئەل ئىچىدە ئاجايىپ شۆھرەت قازانغانىدى. ئۇ ئاتىسىغا ئەگىشىپ نۇرغۇنلىغان ئۇرۇشلارغا قاتنىشىدۇ. 17 ياشقا كىرگەندە تۇتۇقلۇققا ئۆستۈرۈلىدۇ. كېيىن مەنسىپى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ، ياۋلارغا يۇرۇش قىلغۇچى سانغۇن، مەھكىمىدار ئەمىر قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتەيدۇ. ئۇ شىمالىي جۇ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئۇدا غەلىبە قازىنىپ، نۇرغۇن جايلارنى تارتىۋالىدۇ. كۆپلىگەن سەركەردە ۋە ئەسكەرلەرنى ئەسىرگە چۈشۈرىدۇ ۋە يوقىتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەينى مەزگىلدە شىمالىي جۇ سۇلالىسى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەۋپكە ئايلىنىدۇ. 561 - يىلى ئۇ ئوڭ قول ياردەمچى دىۋان بېگى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ پەقەت ھەربىي يۈرۈشلەردىلا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ قالماستىن، بەلكى دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى بەرپا قىلىش جەھەتلەردە ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانچىلىق، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش جەھەتلەردىمۇ كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. مەسىلەن: 563- يىلى ئۇ 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، جىگۇەن قوۋۇقىنىڭ غەربىي قىسمىدا شۇنچاڭ شەھىرىنى سالدۇرىدۇ ھەمدە ئىككى يۈز چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا سېپىل ياسىتىدۇ. چېگرا قاراۋۇلخانىسىدىن 13 نى قۇرىدۇ. بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇ ئەمىر لەشكەرلىككە ئۆستۈرۈلىدۇ. 565 - يىلى قوغۇرسۇ يارۇقنىڭ ئىككىنچى قىزى خانىشلىققا ئۆستۈرۈلىدۇ. شۇ يىلى ئۇ يەنە ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا تەيىنلىنىدۇ. 567 - يىلى قوغۇرسۇ يارۇق مۇشاۋۇرلۇققا تەيىنلىنىپ، ئاتىسىنىڭ شىيەنياڭ ۋاڭى دېگەن ئۇنۋانىغا ۋە بىرىنچى سەردار ئاقساقاللىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي خەلپەت بېگى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن ئورنى ئۆستۈرۈلۈپ، سول قول ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىدۇ.

قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئىككىنچى ئوغلى قوغۇرسۇ شيەنمۇ ئۆسمۈر چېغىدىن تارتىپلا ئىنتايىن سەزگۈر

بولۇپ، ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش ماھارىتى ئۈستۈن
ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا كۆپلىگەن جەڭلەرگە قاتنى-
شىپ، مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ،
ياتلارغا يۈرۈش قىلغۇچى سانغۇن، مەسلىھەتچى تۆرە،
غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن قاتارلىق مەنسەپلەر-
گە تەيىنلىنىدۇ. 564 ـ يىلى يەنە دەستەكدار ئەمىر،
يوجۇ، ئەنجۇ، پىڭجۇ، نەنجۇ، بېيىڭ، دۇڭيەن قا-
تارلىق ئالتە ئايماقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل
تۇتۇق، ئايماق بېگى بولۇپ ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇ جەريان-
دا ئۇ بىر تەرەپتىن تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل
تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە جە-
ھەتتىكى ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، تۈركلەر بىلەن
شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى
كۈچەيتىشتە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇزۇن
ئۆتمەي ئۇ يەنە ياردەمچى دىۋان بېگى بولۇپ ئۆستۈرۈ-
لىدۇ. ئۇمۇ خۇددى ئاتىسى بىلەن ئاكىسىغا ئوخشاشلا
پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى كۆپ يىللاردىن بۇيان سەمى-
مىيلىك ۋە ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەپ كەلگەنلىكى
ئۈچۈن ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشىپ، مەرتىۋىسى
ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەسلا ئۆزىنى قالتىس چاغ-
لاپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلمىغانىدى. شۇ يىلى ئۇنىڭغا
ۋاڭلىق مەرتىۋىسى بېرىلدى.

قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئاكىسى قوغۇرسۇ پىڭمۇ
ناھايىتى ئىقتىدارلىق، باتۇر، چەۋەنداز ۋە مەرگەن
ئادەم ئىدى. خىزمەت قىلىش قابىلىيىتى ئالاھىدە
يۇقىرى ئىدى. ئۇمۇ ئوردا سانغۇنى، سۇز ھەيۋەتلىك
سانغۇن، چاپقۇر ئەجدىھار سانغۇن، بىرىنچى سەردار
ئاقساقال، تۇتۇق، شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سان-
غۇن، جەنۇبنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن قاتارلىق
مەنسەپ ـ مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن. كېيىن يەنە مەھ-
كىمىدار ئەمىرلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، قىران
چەۋەندازلار سانغۇنى بولىدۇ. مەرتىۋىسى گۇڭلۇققا
كۆتۈرۈلىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەمىر لەش-
كەر مەرتىۋىسى بېرىلىدۇ.

شىمالىي چى پادىشاھلىقىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەل-
گەندە بىر قىسىم ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ چېقىمچىلى-
قى، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىشى تۈپەيلىدىن قوغۇرسۇ
يارۇق ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى قوغۇرسۇ شيەن قاتارلىقلار
بىگۇناھ قەتلە قىلىنىدۇ.

قوغۇرسۇ يارۇقنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، چوڭ
ئوغلى بىلەن 3 ـ ئوغلى ئۆزى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلى-
دۇ، 2 ـ ئوغلى ئاتىسىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ.
كەنجى ئوغلى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمدىن
كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. شىمالىي جۇ سۇلالىسى مەزگى-
لىدە ئۇ ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارسلىق قىلىپ،
چۇڭ بەگلىكىنىڭ ئەمىرى بولىدۇ. سۇي سۇلالىسى-
نىڭ كەيخۇاڭ سەلتەنەت يىللىرى ( 581 ـ 600 )
قىران چەۋەندازلار سانغۇنى بولۇپ يۈرگەندە قازا قى-
لىدۇ. قوغۇرسۇ شيەننىڭ بەش ئوغلى ۋە ئۇلاردىن
باشقا 15 ياشتىن تۆۋەن بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆ-
لۈمدىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان
ئەھۋاللار قوغۇرسۇ ئالتۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى-
نىڭ ۋە بىر قىسىم تۇغقانلىرىنىڭ شىمالىي ۋېي،
شەرقىي ۋېي، شىمالىي چى پادىشاھلىقلىرى مەزگى-
لىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەينى مەز-
گىلدىكى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ قىسقارتىلمىسى بو-
لۇپ، «شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى» دا بىر قەدەر
تەپسىلىي بايان قىلىنغان

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھىمىت

www.uyghurkitap.com

# ئىمىن سوپىنىڭ هوقۇقىقا ئىگە بولۇشى ۋە تۇرپان مۇنارى ھەققىدە رىۋايەت

مۇمىن قادىر

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن)

## تەسەۋۋۇپچىلار (سوپىلار) نىڭ تەسىرى

مىلادىيە1619 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن خوجا ئىسهاق بىلەن ئىشان كالان خوجا مۇھەممەد تەرەپدارلىرى سەئىدىيە خانلىقىغا كېلىپ بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى دۆلەت ئۇستازلىرى دەۋالىدى. شۇنىڭ بىلەن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنى پارچىلاپ، خانلىق هوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. ئۇلارنىڭ قارا نىيىتىنى سەزگەن سەئىدىيە خانى سۇلتان مەھمۇتخان (قىلىچخان) 1624 - يىلى ئىشان كالان مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەت يۇسۇپنى (ھىدايىتۇللانىڭ ئاتىسى) يەكەن، قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپان، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا يۈرۈپ، ئاخىرى تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسىدىكى ئۇقۇمۇشلۇق دىنىي زاتلاردىن مىرھەبىبۇللا، مىرقاسىم قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنى تەسەۋۋۇپچىلىق يولىغا دەۋەت قىلىپ، ئۆزىگە مۇرت قىلىۋالىدۇ. مۇھەممەت يۇسۇپ ئابدۇللاخان دەۋرىگە كەلگەندە، قۇمۇلدا تۇغۇلغان ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللانى ئېلىپ يەكەنگە قايتىپ كېلىدۇ. كېيىن خوجا ھىدايىتۇللا چوڭ بولۇپ، يەنىلا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ هوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغاچقا، سەئىدىيە خانى ئىسمائىل خان خوجا ھىدايىتۇللانى سەئىدىيە خانلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا كاسان، بەدەخشان، كەشمىر، تىبەت قاتارلىق جايلاردا 12 يىل سەرسان بولۇپ، ئاخىرى 1678 - يىلى ئۆزىنى دالاي لامانىڭ قوينىغا ئېتىپ، ئۇنىڭدىن جۇڭغار خانى غالدانغا مەكتۇپ يېزىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ هوقۇقىنى ئۆزىگە ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. شۇڭا جۇڭغار خانى غالدان خوجا ھىدايىتۇللانى يۆلەپ ئەسكەر باشلاپ يەكەنگە بېرىپ، ئىسمائىلخاننى ئاغدۇرۇپ، خوجا ھىدايىتۇللانى تەختكە چىقىرىدۇ. ئەمما 1679- يىلى ئىسمائىل خاننىڭ ئىنىسى ئافاق سۇلتاننى پامىردىكى يوشۇرۇنغان يېرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ ھەمدە لۇكچۇن خانى لۇكچۇندىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ «ئافاق خوجا» نى سەئىدىيە خانلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا ئەسهابۇلكەھنى زىيارەت قىلىمەن دېگەن باھانە بىلەن تۇرپانغا كېلىپ، ئەينى چاغدا ئاتىسى ئاساسىنى قۇرغان تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئەۋلادى نىياز خوجىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنى تەربىيىلەپ، سوپىلارغا باشلىق قىلىپ قويىدۇ. ئۆزى تۇرپاندىن ئىلىغا بېرىپ، جۇڭغار خانى غالداندىن ياردەم سوراپ، ئۇنىڭ يۆلىشى بىلەن 1682 - يىلى يەنە سەئىدىيە خانى بولىۋالىدۇ. كېيىن خوجا ھىدايىتۇللانىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسى بولغان خوجاشۇئەيىپ «ئىسهاقىيە» گۇرۇھىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، يەكەنگە باستۇرۇپ كىرىپ، 1694 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئافاق خوجىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئۆزى سەئىدىيە خانى بولىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھىدايىتۇللانىڭ ئارقا تېرىكى غالدان چىڭ سۇلالىسىدىن يېڭىلىپ، 1697 - يىلى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ. ئورنىغا ئوغلى سىۋان ئارابتان جۇڭغار خانى بولىدۇ. ئەمما سىۋان ئارابتان خوجا

ھىدايىتۇللانىڭ ئەۋلادىنى يۆلەپ تۇرغۇزمىغاچقا، خوـ
جا ھىدايىتۇللانىڭ نەۋرىسى خوجائەھمەد 1697 ـ يىلى
جۇڭغار خانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن جۇڭغار خانى «ئىشقىيە» (ئافاق خوجا تەرەپدارـ
لىرى) گۇرۇھىدىن يۈز ئۆرۈپ، «ئىسھاقىيە» (خوجا
شۇئەيىپ) گۇرۇھىنى قوللاپ، خوجا ئەھمەدنىڭ
ئىسيانىنى باستۇرۇپ، ئۇنى ئىلىنىڭ قاش دەرياسى
بويىغا سۈرگۈن قىلىدۇ. شۇڭا ئافاق خوجا تەرەپدارـ
لىرى جۇڭغارلاردىن يۈز ئۆرۈپ، چىڭ سۇلالىسى
تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن «ئىشقىيە»
گۇرۇھىنىڭ بىر قىسىم كاتتىباشلىرى تۇرپانغا كېـ
لىپ، سوپىلار باشلىقى نىياز خوجا بىلەن بىرلىـ
شىپ، مۇرت توپلاپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يوشۇرۇن
قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. شۇڭا لۈكچۈن خانلىقى سوپىـ
لارنىڭ يوشۇرۇن سۈيقەستىنى توسۇش ئۈچۈن، ئۆزـ
لىرىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭغار خانلىـ
قىنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتىدۇ ھەمدە ئۆزئارا ئىتتىپاق
تۈزىدۇ. شۇ چاغلاردا ئافاق خوجا تەرەپدارلىرى بىلەن
سوپىلارنىڭ لۈكچۈن سۇلتانلىقىغا قارشى ھەرىكىتىـ
نى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدىكى سانغۇنى فۇنىڭئەن
يوشۇرۇن قوللاپ مەدەت بېرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ
ئىشنى سەزگەن لۈكچۈن سۇلتانى ئېزىز بەگ سوپىـ
لارنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق تىزگىنلىگەنىكەن. شۇ
خىل كەسكىن ۋەزىيەتتە مىلادىيە 1694 ـ يىلى تۇرـ
پاننىڭ ئاستانە يېزىسىدىكى فېئودال سوپى ئىشان
نىياز خوجا ئائىلىسىدە ئىمىن ئىسىملىك بىر بالا
تۇغۇلىدۇ. ئۇ كىچىكىدىنلا تەسەۋۋۇپچىلىق تەربىيە
سىنى ئالغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پۈتۈن روھىي دۇنياـ
سىغا تەسەۋۋۇپچىلىق بىلەن ئىلاھىي ئۇقۇم چوڭقۇر
سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇ بالا ناھايىتى پاكىز، سۇباتلىق
ۋە زېرەك بولغىنى ئۈچۈن ئۇقۇمۇشلۇق چوك بوپتۇ.
شۇڭا ئۇ كىچىك تۇرۇپلا ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ،
خەلپە (ئورۇن باسار) بوپتۇ ھەمدە نۇرغۇن مۇرت
توپلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن سوپى چىڭ ھۆكۈمىـ
تىنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە سوپىلارنىڭ كۈچىگە تايىـ
نىپ ھەم چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدىكى سانغۇنى
فۇنىڭئەننىڭ ياردىمى بىلەن 1721 ـ يىلى لۈكچۈن
ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئاق سۇلتاننى (كېيىنـ
ۋاڭ) ئوردىدىن قوغلاپ، ئۇنى سىركىپنىڭ دۆڭ
قوتان دېگەن يېرىدىكى تۇر ئۈستىدىن تۈتۈپ دارغا
ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن سوپىلارنى باشلاپ ئوردىغا
كېلىپ، ۋاڭلىق تامغىسى بىلەن ئاق سۇلتاننىڭ
ياش، گۈزەل خانىشى روشەن خېنىمنى ئەمرىگە ئالىـ
دۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى يۇرتلارغا جاكارچىلارنى
ئەۋەتىپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ناغرا ـ سۇناي چالدۇـ
رۇپ، لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالىدۇ.
مەلۇمكى، ئىسلامىيەت ئەھكاملىرىدا ئېرى ۋاپات بولـ
غان ياكى ئېرىدىن ئاجراشقان ئاياللارنىڭ 3 ئاي 10
كۈن ئىددەت تۇتۇش ئادىتى بولىدۇ، ئەمما ئىمىن
ۋاڭنىڭ روشەن خېنىم بىلەن توي قىلىشىدا بۇ ئادەت
بىكار قىلىنغان. شۇڭا تۇرپانلىقلار ئارىسىدا:

ئىمىن گاڭنىڭ دويى كېلىپ،
بولدى ئەجەپمۇ كارامەت.
ئاشىق ـ مەشۇق تېپىشقاندا،
مۆدە تۇتۇش نەھاجەت.

دېگەندەك قوشاقلار توقۇلغانىكەن.

ئىمىن ۋاڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئۆزىـ
نىڭ ئۆتكۈر زېھنى ۋە ئەقىل ـ پاراستى ئارقىلىق،
چىڭ سۇلالىسى ۋە سوپىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ،
سەئىدىيە ئەۋلادى بولغان لۈكچۈن سۇلتانى ئاق سۇلـ
تاندىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ، ۋاڭلىق ھوقۇقىغا ئېـ
رىشكەن.

## تۇرپان مۇنارى ھەققىدە رىۋايەت

تۇرپان مۇنارى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك بىر رىۋاـ
يەت بار، ئۇنىڭ راست ـ يالغىنى نامەلۇم. 1759 ـ
يىلى ئىمىن ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان تۇرپاننىڭ
ۋاڭلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، تۇرپان دىيارىدا ناـ
ھايىتى ئادىللىق بىلەن بىر نەچچە يىل يۇرت باشقۇـ
رۇپتۇ. بۇنىڭدىن رازى بولغان تۇرپان خەلقى سۇلايـ
مان ۋاڭنى «نۇشۇرۋانى ئادىل» دەپ ئاتىشىدىغان
بولغانىكەن. كېيىن سۇلايمان ۋاڭ 1767 ـ يىللىرى
زىيارەت ھەم ساياھەت قىلىش يۈزىسىدىن ئىرانغا بېـ
رىپتۇ، ئۇ ئىراندا كۆپلىگەن ئاسارە ـ ئەتىقە ئورۇنـ
لىرى بىلەن نۇرغۇن ئەلئېھراملارنى (مۇنار) زىياـ
رەت قىلىپ، تارىخىي قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەرقايسىسىنى
ئەينى دەۋردىكى خانلارنىڭ بىنا قىلدۇرغانلىقىنى بىـ

لىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ۋاڭنىڭ كۆڭلىگە «كىشى ئۆز ئۆمرىدە بىرەر خاتىرە قۇرۇلۇش ياسىتىپ قويۇشى كېرەك ئىكەن» دېگەن ئوي كەپتۇ ھەم كىشىنىڭ نام - شۆھرىتى پەقەت بىرەر خاتىرە قۇرۇلۇش ئارقىلىق ساقلىنىپ ئەۋلادلارغا داۋاملىشىدىكەن، يۇرتۇمدا خەلققە خاتىرە قالغىدەك بىرەر قۇرۇلۇش ياسىتىپ قويسام بولغىدەك، دېگەنلىك بىلەن بىرگە، 9 - 10 - ئەسىرلەردە «ئىدىقۇت» خانلىرى پايتەخت قاراغوجىدىن غەربكە قىلغان سەپىرىدە توختاپ، ھاۋالىنىپ، تاماق يەپ ئۆتۈش ئۈچۈن ياسىتىپ قويغان ئېگىز ئوننەچچە مېتىرلىق ئۆتەڭ — «كۆتى يوغان» ئېسىگە كېلىپتۇ. بۇ قۇرۇلۇش ئاستانە بىلەن تۇرپان شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى يول بويىدىكى قاراقۇم بارخانلىرى ئارىسىغا سېلىنغان بولۇپ، ئوننەچچە مېتىر ئېگىزلىكتە كېسەك لايدىن پىرامىدا شەكلىدە ياسالغان راۋاق بولغىنى ئۈچۈن، ئىخچام سۆزلۈك تۇرپان خەلقى ئۇنىڭ شەكلىگە قاراپ «كۆتى يوغان» دەپ ئاتىغانىكەن. ئۇ جاي ھازىرمۇ بار. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان غەرىپسىنىپ، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا يەككە - يېگانە قەد كۆتۈرۈپ، تورغان «كۆتى يوغان»غا ئىچى ئاغرىغان سۇلايمان ۋاڭ ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان بىرەر ئىبھرام ياسىتىپ، ئۇلارنى قوشۇپ قويۇش ئىستىكى بىلەن ئىراندىن قايتىپ كەپتۇ. بۇ قۇرۇلۇشنى كۆركەم، ھەشەمەتلىك قىلىپ ياسىتىش ئۈچۈن، ئاتىسى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ ھىندىستان، بەدەخشان، قەشقەر، يەكەن ۋە تۇرپاندىن ئاتاقلىق قۇرۇلۇش ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئويلىغان غايىسىنى ئىزھارلاپتۇ. ئۇنىڭ غايىسىنى ھەممە بىردەك قوللاپ - قۇۋۋەتلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جاي - جايلاردىن تەكلىپ قىلىنغان ئۇستىلارغا ئۆز ئۇسلۇبلىرى بويىچە ئىبھرامنىڭ مودېلىنى ياساشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلاردىن تۇرپانلىق ئىبراھىم ئۇستام (ئىبراھىم بۆرەك) دېگەن كىشىنىڭ 15 — 16 خىل گۈللۈك كۆرۈنۈشتە ياسىغان مودېلى سۇلايمان ۋاڭنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن ئۇستىلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، تۇرپان شەھىرىنىڭ سۆگەل غوجام (مازار) مەھەللىسىنىڭ كۆتى يوغان بىلەن بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە توغرا كېلىدىغان تەكشى، تۈز، قۇرغاق، سېغىز توپىلىق يېرىگە تۇرپان مۇنارىنى ياسىتىشقا باشلاپتۇ. بۇ مۇنار 1770 - يىلى سېلىنىشقا باشلاپ، 1777 - يىلى خىشتىن خىلمۇ خىل گۈل چىقىرىلىپ، ئېگىزلىكى 46 مېتىر، 74 پەلەمپەيلىك قىلىنىپ سېلىنغانىكەن. ئەپسۇسكى 1933 - يىلىدىكى چوڭ يېغىلىقتا شېڭ شىسەينىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانىدىن چۈشكەن بومبا (شۇ چاغدا ئۇيغۇر مەرگەنلىرى مۇنار ئۈستىگە چىقىپ، ئايروپىلاننى نىشانلاپ ئاتقانىكەن) مۇنار ئۈستىگە چۈشۈپ، مۇنارنىڭ چوققىسىدىن 2 مېتىردەك جايىنى ئۆچۈرۈۋەتكەنىكەن. شۇ ۋەجىدىن مۇنار نىڭ ئېگىزلىكى 44 مېتىر، پەلەمپىيى 72 بولۇپ قالغانىكەن. بۇ مۇناربىلەن كۆتى يوغاننىڭ ئارىلىقى 20 كىلومېتىردەك بولسىمۇ، ئۇلار بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە بولغىنى ئۈچۈن، مۇنار ئۈستىدىن قارىسا كۆتى يوغان يېقىنلا جايدا كۆرۈنىدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى، تۇرپان مۇنارى پۈتكەن 1777 - يىلى تۇرپاننىڭ سەردارى ئىمىن ۋاڭ 83 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ۋاڭ تۇرپان مۇنارىنى ئاتىسى ئىمىن ۋاڭغا بېغىشلاپ خاتىرە تۇرغۇزغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، 1778 - يىلى تۇرپان مۇنارىنىڭ خانىقا ئىچىدىكى ئىشىكى ئالدىغا ئېگىزلىكى 1.32 مېتىر، كەڭلىكى 0.70 مېتىر كېلىدىغان تاشقا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتا خەت ئويدۇرۇپ خاتىرە قالدۇرغان. بۇ ئىشتىن كېيىن سۇلايمان ۋاڭ ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرماق بولۇپ، تۇرپان، پىچان، لۈكچۈن، توقسۇن تەۋەسىدىكى يۇرت كاتتىلىرىدىن ئۆلىما، ئاقساقال، مۇنەججىم ۋە ئەقىل - ئىدراكلىق دانىشمەنلەرنى ۋاڭ ئوردىسىغا يىغىپ، 10 ئەسىردىن بېرى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا غەرىپسىنىپ قالغان كۆتى يوغان بىلەن يېڭىدىن سېلىنغان تۇرپان مۇنارىنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى كۆپچىلىككە ئىزھار قىلغانىكەن. بۇنى ھەممە بىردەك قوللاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت كاتتىلىرى جەم بولۇپ توي مەسلىھەتىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. تويىنىڭ قائىدە - نىزامى، شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ئۆزگىچە ئالا-

ھەدىلىكى بويىچە تويىنىڭ كىچىك چېيى ئۈچۈن تۇرپان مۇنارىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى توشقان بۇلىقىنى بەرمەكچى بولغاندا تۇرپانلىقلار بىردەك قوشۇلۇپتۇ. چوڭ چېيى ئۈچۈن تۇرپان بىلەن ئاستانە ئارىلىقىدىكى ساي ئۆتەڭنى (ساي لەڭگەر - تۇرپان بىلەن ئاستانە ئارىلىقىدىكى ئاپتوموبىل يولى) بەرمەكچى بولغاندا تۇرپان - ئاستانە ئامباللىرى ئۇنىڭغىمۇ قوشۇلۇپتۇ. تويلۇق سېلىشىش ئۈچۈن، تويلۇققا لۈكچۈننىڭ جەنۇبىدىكى تىلسىمات شەھەر ھاسار شەھىرىنى بېرىشنى لايىق تاپقاندا، بۇنىڭغا پىچان - لۈكچۈن كاتتىلىرى قوشۇلۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا تويىنىڭ ئوتۇن - ياغچى (يانتاق چۈشۈرۈش دېيىلىدۇ) ئۈچۈن تۇرپان- پىچان ئامباللىرى توقسۇننىڭ دادۇڭ دېگەن يېرىنى بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. بۇنىڭغا توقسۇنلۇقلار قوشۇلماپتۇ. ئۇلار دادۇڭ بىزنىڭ مال باقىدىغان قىشلاق ئورنىمىز ھەمدە ئۇ يەردىكى يانتاقلارغا شېكەر چۈشىدۇ، شۇ شېكەر بىلەن توقسۇن خەلقى تەمىنلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن دادۇڭنى بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ جاھىللىق قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالغىنى ئۈچۈن، بۇ ھەقتىكى تالاش - تارتىش بىر ھەپتىگىچە ھەل بولماپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەن سۇلايمان ۋاڭنىڭ سەۋرە قاچىسى تېشىپ، غەزەپلەنگەنلىكىدىن بولدى بۇ توي ئەمەلدىن قالسۇن، دەپ توي سۆھبىتىنى بۇيرۇق بىلەن توختاتقانىكەن (بوۋام قېرىبەگنىڭ قول يازمىسىدىن پايدىلاندىم، بوۋام ئەرەپ، پارس ۋە خەنزۇچىنى پىششىق بىلىدىغان زات بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاڭ ئوردىسىدا مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ۋەزىر بولغانىكەن).

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھېمىت

---

(بېشى 55 - بەتتە)

## قوقان

زاۋا يېزىسىدا قوقان دېيىلىدىغان بىر كەنت بار. 69 ياشلىق سۇلايمان ئاخۇننىڭ 1949 - يىلى بوۋىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئەسلەپ سۆزلەپ بېرىشىچە، 1860 - يىللىرى خوتەننىڭ ئەلمى ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىم ياقۇپ بەگنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن بۇ جايغا ناھايىتى چوڭ قورغان سالدۇرغانلىقتىن بۇ جاينىڭ «سېرىق سۇ» دېگەن نامى «قورغان»غا ئۆزگەرگەنىكەن. «قورغان» سۆزى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قوقان»غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ. بۇ جاينىڭ ئىسمىنى «قورغان ئەمەس، قوقان» دەپ چۈشەندۈرگۈچىلەرمۇ بار.

1880 - يىللىرى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خوتەندىكى باش ئەمەلدارى بۇ قورغاننى مۇستەھكەملەپ، دەرۋازىسىنى يېڭىلاپ باج ۋە تاموژنا ئىشخانىلىرىنى تەسىس قىپتۇ. سودىگەر - كارۋانلارنى باشقا يولدىن مېڭىشتىن چەكلەپ، بۇ دەرۋازىدىن ئۆتكۈزۈپ رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىدىكەن. قورغان دەرۋازىسىدىن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ پۇل - ماللىرى چېرىكلەرنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، بۇ دەرۋازىدىن ئۆتۈش كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر بىر - بىرىگە:

- قورغاندىن قورقاڭ، - دەپ تەۋسىيە قىلىدىكەن، «ئېھتىيات قىلىڭ» دېگەن مەنىدىكى «قورقاڭ» سۆزى كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىنى ئۇدۇل ئىپادە قىلغانلىقتىن، دەرۋازا ئەتراپى قورقاڭ دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ ئاتالغۇ «قوقان»غا ئۆزگىرىپ، كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە ھېكايە

## ئابدۇرېھىم توختى

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە مۇدەررىسلىك قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا بىر مەھەللىدە ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. تام قوشنىسى ئاتىسىدىن مىراس قالغان مال - مۈلكىنى بۇزۇپ - چېچىپ يوقىتىشقا تۇرغان ئاۋارىكەش بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بىكار تەلەپ ئاغىنە — چۆپقەتلىرى كۆپ ئىكەن. ئىچىدىغان، چېكىدىغان ۋە قىمار ئوينايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلىپ ھەر ئاخشىمى ئۇنىڭ ئۆيىنى بىر بازارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىدا داموللام پەقەت ئارام ئالالماپتۇ. دەرس تەييارلاشقىمۇ زور تەسىر يېتىپتۇ، لېكىن بۇ داموللامنىڭ دائىرىسىدىكى ئىش بولمىغاچقا، ئۇنىڭغا ھېچنىمە دېيەلمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قوشنىنىڭ ئۆيىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ تۇيۇقسىزلا يوقاپ كېتىپتۇ. داموللام باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق قوشنىسىنى ھۆكۈمەتنىڭ تۇتۇپ يامۇلغا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاپتۇ. بۇنى ئۇققان داموللام دەرھال سەللە، تونلىرىنى كىيىپ بەگنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. بەگنىڭ داموللامغا ناھايىتى ئىخلاسى بار كىشى بولغاچقا، داموللام ئۆيىگە كېلىش بىلەنلا ھەيران قېلىپ ئولتۇرغۇزغىلى يەر تاپالماي قاپتۇ. داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، قوشنىسىنىڭ يامۇلدا بولۇپ قالغانلىقى، ئۆزىنىڭ بىخەۋەر بولۇپ قېلىپ ۋاقتىدا كېلەلمەي قالغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ:

— مەن قوشنامنىڭ قانچىلىك يامان ئىشلار بىلەن قولغا ئېلىنغانلىقىنى دېمەيمەن، پەقەت قوشنىدارچىلىق قەرزىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قوشنامنى تۈرمىدىن چىقىرىۋېتىشكە ياردەمدە بولۇشلىرىنى سوراپ كەلدىم - دەپتۇ. بەگ:

— ئۇنىڭ ئۆيىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن ئۆزلىرىنى قاتتىق سىقىلدى، دەپ ئاڭلىدىم. ئۇنى تۈرمىگە ئالدۇرغانلىقىمىزغا ئۆزلىرىنى خۇش بولدىمىكىن، دەپتىمەن. ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرى ئۇنداق بولسا، ھازىر بېرىپ ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىۋېتىش قولۇمدىن كېلىدۇ - دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى جازالانغان قوشنا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز ئۆيىگە كىرمەستىن ئۇدۇل داموللامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىنى باسالماي ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. چۈنكى تۈرمىدە خېلى قاتتىق - يىرىك مۇئامىلىلەرگە ھەتتا قىيناش، كۆتەككە بېسىش قاتارلىق ئېغىر ئازابلارغا ئۇچرىغان قوشنا داموللامنىڭ بۇ ھىممىتىدىن بەكمۇ تەسىرلەنگەنىكەن. داموللام ئۇنىڭغا:

— قوشنام، مەن بۇ ئىشنى بالدۇرراق ئۇقماپتىمەن، ئۇققان بولسام شۇ كۈنىلا سىزنى قۇتقۇزغان بولاتتىم، قوشنىغا پېشكەلچىلىك كەلسە ياردەم بەرمەي قاراپ تۇرۇش توغرا ئەمەس ئىدى، بىراق مەن قوشنىدارچىلىقىمنى ۋاقتىدا ئادا قىلالماپتىمەن، ئەپۇ قىلىڭ - دەپتۇ.

قوشنىسى يىغلاپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىپ :

— ئادەم بىلمەسلىكتىن ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلىشتىن نومۇس قىلمايدىكەن، قوشنىدارچىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەپتىمەن، دەپ توۋا قىپتۇ. داموللامنىڭ بۇ قوشنىسى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ بارلىق ئەسكى ئادەتلىرىنى تاشلاپ، توغرا كەسىپكە كىرىشىپ كېتىپتۇ.

新疆
地方志

（季刊）

目　录

2002年第一期

总第五十八期

顾　问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提

主　编
沙比尔·艾力

副主编
阿不都肉甫·艾力

编　委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑
阿不力孜·鄂尔浑

# 目　录

## 文献辑录

自治区地方志编委会二〇〇一年工作总结 …… 1
自治区地方志编委会二〇〇二年工作要点 …… 10

## 历史资料

伊宁游记 …… 乔汉·瓦里哈诺夫 14
维吾尔学在国内外形成过程及其发展 …… 阿·阿布都卡地尔 32
邦瓦洛特记载的罗布泊人的历史长诗 …… 哈力甫·巴拉提 43
喀什开办的第一所启蒙学校 …… 穆·库尔巴尼 46
有关安禄山母亲感孕的神话 …… 吾买尔江·努日 51

## 地名研究

再探乌市的《دۆڭكۆۋرۈك》和《二道桥》地名的起源问题 …… 阿不都热吾甫·阿不都拉 52
浅探墨玉县的有些历史地名 …… 穆·库尔巴尼 54

## 历史人物

斛律金及其家族 …… 司马义·芒力克 56
伊敏和卓的夺权过程与苏公塔的故事 …… 莫明·卡地尔 60
阿不都卡地尔大毛拉的故事 …… 阿不都热依木·托合提 64
圣洁祥瑞的康巴山风景之一 …… 封一

www.uyghurkitap.com

# 新疆地方志 维吾尔文(季刊)

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)

办: 新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
辑出版:《新疆地方志》编辑部
址: 乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号
刷: 新疆金版印务有限公司

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭەنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 12 - نومۇر
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

内统一刊号 CN65—1128/K—W
话: 4640715 邮政编码: 830063
价: 3. 00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W
تېلېفون نومۇرى: 4640715 پوچتا نومۇرى: 830063
باھاسى: 3.00 يۈەن